# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

2000.1

ئاپتونوم رايونلۇق تۇزچىلىق ئىدارىسى (تۇزچىلىق شىركىتى)
ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
3 - يىغىنىنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى



كومىتېت ئەزالىرى ئاۋمىننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

## 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 - يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

بۇلتۇر 21 - دېكابىردىن 25 - دېكابىرغىچە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 - يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خەلچەم ئىسلام رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخىپ قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق نىزام ۋە قارارلار ھەمدە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ماقۇللاندى.

خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن شۇپېڭ، جاڭ خېڭ، مىجىت ناسىر، قادىس جانابىل، خوجىخان ھاكىموۋ، سۇلايمان، ماجيەنگو ۋە باش كاتىپ مەھەممەت ئىسمايىل يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۇڭ خۈيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە ھەر قايسى ۋىلايەتلىك خ ق خىزمىتى كومىتېتلىرى، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى



ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شيۇڭ خۈيىن ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىگە قارىتا پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى بەردى.



مۇئاۋىن مۇدىر شۇپېڭ «ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش نىزامىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى» گە پىكىر بەردى.



كومىتېت ئەزالىرى ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈزچىلىق باشقۇرۇش نىزامىغا پىكىر بەردى.



ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى «‹ ئارخىپ قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» توغرىسىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بەردى.



كومىتېت ئەزالىرى ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بىلەن ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش نىزامىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

# خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتەيلى

## ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

يېڭى يىل ھارپىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلدى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغان 20 يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئىش. ئۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى ئاساسىي قانۇندا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا بېرىلگەن مەسئۇلىيەت، دۆلەت ۋە خەلققە ۋاكالىتەن ئېلىپ بېرىلىدىغان قانۇنىي كۈچكە ئىگە نازارەتچىلىك. ئۇ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا، يۇقىرىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، مەمۇرىي ھوقۇق ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىنىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىي ئىشنى قوغداشتىكى مۇھىم تەدبىر ۋە ئۇنۇملۇك ئۇسۇل.

ئىلگىرى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى تەڭ دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، پائال ئىزدىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، نازارەتچىلىك يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى پەيدىنپەي تۈزۈملەشتۈرۈپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش يولىدا پائال تۆھپە قوشتى. ئەمما، نازارەتچىلىك خىزمىتى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يەنىلا ئاجىز بولۇۋاتىدۇ. نازارەتچىلىك سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى يەنىلا تۈپتىن ھەل قىلىنغىنى يوق. نازارەتچىلىكنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش پۈتۈن شىنجاڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يەنىلا زور مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا.

يېڭى ۋەزىيەت خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىگە تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يېقىنقى يىللاردا ئەمەلىيەت داۋامىدا يارىتىلغان ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەتچىلىك قىلىشتىكى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قەتئىي قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيەت، ھوقۇق چېكى ۋە تەرتىپ بويىچە يۈرگۈزۈپ، مەسئۇلىيەتسىزلىكمۇ قىلمايدىغان، ھوقۇقىدىنمۇ ھالقىپ كەتمەيدىغان، خىزمەتنى ئۆز ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك ۋە جايىدا ئىشلەيدىغان بولۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ناھەق، خاتا دېلو جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، چىرىكلىكنى تىزگىنلەپ تۈگىتىپ، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشقا تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىپ، بار قانۇننى ئاساس قىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق جەھەتتە قانۇن ئىجرا قىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، ئۆز نەپسىنى دەپ قانۇننى بۇزۇشقا ئوخشاش ئەھۋاللارنى قەتئىي تۈگىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى، خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى دەۋر قىلىپ، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى توختاتماي ئېلىپ بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشقا دائىر زور تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەم ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك. ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشنى باش نارتىپ بولمايدىغان مۇھىم مەسئۇلىيەت قىلىپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ مۇقىملىقنى قوغداشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك. پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى نازارەتچىلىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىش كېرەك. كادىرلارنى تەيىنلەش، قالدۇرۇش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، تەيىنلىنىدىغان ۋە قالدۇرۇلىدىغان كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاشتا، دۆلەت ئورگىنى خىزمەتچىلىرىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ئورگىنى خىزمەتچىلىرىنىڭ خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ، خەلق ئۈچۈن جان دىلى بىلەن خىزمەت قىلىپ، خەلق رازى بولىدىغان خىزمەتكارلاردىن بولۇشقا تۈرتكە بولۇش لازىم.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى دۆلىتىمىزدىكى ھازىرقى تۈرلۈك نازارەتچىلىك ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى قاتلاملىق نازارەتچىلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شەخسىي ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى بىر خىل دۆلەت تۈزۈلمىسىدۇر. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز زىممىسىدىكى مۇقەددەس بۇرچ ۋە ئالىي جاناپ مەسئۇلىيەتنى تولۇق تونۇپ، يېڭى بىر يىلدا نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىك ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، نازارەتچىلىك تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)

2000 - يىل 1 - سان

(ئومۇمىي 202 - سان) (20 - يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسى نەشر قىلدى

ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

باش مۇھەررىر: لەن شۈيى

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: سىراجىدىن ئىسمايىل

## ئوبزور

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتەيلى ---------------- ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

## رەھبەرلەرنىڭ سۆزى

ھوقۇقىمىزنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتەيلى ------- ھامىدىن نىياز (4)

پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوللايلى ---- جۇ شېڭخاۋ (14)

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرەيلى ---------------------------------------- جاڭ ۋېنيۈ (21)

## مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر

خەلق قۇرۇلتىيى ئەزىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ---------------- ئەكبەر ئابلىم (25)

## خىزمەت تەتقىقاتى

ئەدلىيە دېموكراتىيىسىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى -------------------- سۇڭ يۈەنيۈەن (28)

ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتتى ------------------------ ئابلىمىت توختى (31)

## مۇلاھىزە

دىننى سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇشقا قانداق يېتەكلەش توغرىسىدىكى قاراشلىرىم -- ئابدۇراخمان باقى (36)

### باشلامچىلار

ۋۇدېكيۇن روھىدىن ئۆگىنىپ، ئاق خالات روھىنى نۇرلاندۇرىمەن ------------------ ساۋۇت نۇردى (40)

### تەكشۈرۈش دوكلاتى

ئۇنسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ------------------------------------------------ تۇرسۇن نۇر (42)

### تەپسىلىي خەۋەر

سەمىمىي غەمخورلۇق، قىممەتلىك ئىلھام ------------------------ ئابدۇرېھىم مەھەممەت ھاجى (45)

### قىسقا خەۋەرلەر

ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى قاتارلىق 9 پارچە ------------------------------------------------------------------------ (47)

### تەرمىلەر

تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ----------------------------------------- پېك ۋېيشۇ (52)

### بىلىۋېلىڭ

كىچىك ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇشتا ... قاتارلىق 6 پارچە ------------------------------------ (55)

### ئەتىرگۈل

ئاۋمىنلىق ئۇيغۇر شائىرە ھاجىنىسانىڭ شېئىرلىرىدىن --------------------------------------- (58)



بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە

نەشر قىلىنىدۇ

ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

تېكىستى: شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللارساناتئىتى شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك

سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 ـ 1033 / D-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58

پوچتا نومۇرى: 830000

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 ـ قورۇ

تېلېفون 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# ھوقۇقىمىزنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتەيلى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى **ھامىدىن نىياز**





ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتىنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىدىغان يىغىن چاقىرىشى ئاپتونوم رايونىمىزدا يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغان 20 يىلدىن بۇيانقى تۇنجى ئىش. 20 يىلدىن بېرى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئاساس قىلىپ، پائال ئىزدىنىپ، يۈرەكلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي ئىشلەپ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى.

پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە، بولۇپمۇ نازارەتچىلىك خىزمىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى. پارتىيىنىڭ تەلىپى ۋە ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي ۋەزىپە.

تۆۋەندە مەن نازارەتچىلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

**1. تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نازارەتچىلىكنى خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش لازىم**

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇ-

رۇلتىيى خىزمىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ،
كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى نازا-
رەتچىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنى ۋە رو-
لىغا بولغان تونۇشى ئۈزلۈكسىز ئۆسمەكتە. ئەمما بەزى
مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا، رېئال تۇرمۇشتا خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ قانۇنىي ئورنىغا ھۆرمەت قىلماسلىق،
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىگە سەل قاراش ۋە
ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلۈپ
تۇرۇۋاتىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى قوشۇنىدىمۇ
تونۇشى مۇجمەل، نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى ئەستايىدىل
يۈرگۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان، ھۆكۈمەت ۋە ئىك-
كى مەھكىمە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈ-
زۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدىغان بىر قىسىم يولداشلار
بار. بۇ ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسى ياخشى ھەل قى-
لىنمىسا، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرگىلى
بولمايدۇ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى-
مۇ تېگىشلىك جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمە-
تىگە بولغان تونۇش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش
كېرەك؟ مېنىڭچە، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ
رەھبەرىي كادىرلار خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىكىنىڭ
مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى ئاساسىي قانۇندىكى بەل-
گىلىمە، پارتىيىنىڭ تەلىپى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ
ئارزۇسى قاتارلىق ئۈچ جەھەتتىن چوڭقۇرلاشتۇرۇشى
كېرەك: بىرىنچىدىن، نازارەتچىلىك قىلىش ئاساسىي
قانۇندا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دا-
ئىمىي كومىتېتىغا يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەت. دۆلىتى-
مىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك
مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى ۋە تەپتىش
ئورگانلىرى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگان-
لىرى تەرىپىدىن سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈ-
لىدۇ، ئۇلار ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ نازارىتىدە
بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگى-
لىمىدە، دۆلەت ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نازارەت
قىلىش بىلەن نازارەت قىلىنىش مۇناسىۋىتى دۆلىتى-
مىزنىڭ خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان سوت-
سىيالىستىك خاراكتېرى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئېنىق
ئايرىلغان. نازارەت قىلغۇچى نۇقتىسىدىن ئېيتساق،
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈ-
زۈشى خەلققە ۋاكالىتەن ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئاساسىي
قانۇندىكى مەسئۇلىيەت ئادا قىلىنىدىغان ھەرىكەت،
بۇنىڭدا نازارەت قىلىش ـ قىلماسلىق، نازارەت قىلىشقا
جۈرئەت قىلىش ـ قىلالماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت
ئەمەس، جەزمەن نازارەتچىلىك قىلىش، نازارەتچىلىك
ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈش كېرەك. ئۇنداق بولمايدى-
كەن، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىق، ئاساسىي قانۇن
ۋە قانۇنلارغا ئەستايىدىل رىئايە قىلمىغانلىق بولىدۇ.
نازارەت قىلىنغۇچى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، خەلق قۇرۇلتىيى
ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل
قىلىش ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەت، ئۇ
پارتىيە، خەلق ۋە ئاساسىي قانۇن ئالدىدا جاۋابكار بول-
غانلىق بولىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى-
دىن چەتلەيدىغان ھەرقانداق ئوي ۋە ھەرىكەت خاتا، ئا-
ساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ. ئىككىنچىدىن
، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ياخشىلاش ۋە
كۈچەيتىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپى.
دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك
قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش فاكتىيىنىڭ ئوتتۇرىغا
قويۇلۇشى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكرا-
تىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم
قويغانلىقىدىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەتنى ئىدارە
قىلىش ئۇسۇلىدا زور بۇرۇلۇش بولغانلىقىدىن دېرەك
بېرىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ روشەن
بىر ئالاھىدىلىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى قانۇنچىلىق ئىزىغا
سېلىش، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانۇن بويىچە ئىشلەش-
تىن ئىبارەت. بۇ نىشانغا يېتىشتە خەلق قۇرۇلتىيى-
نىڭ نازارەتچىلىكى مۇھىم كاپالەتلىك رولىنى ئوي-
نايدۇ. باش شۇجى جياڭ زېمىن 9 ـ نۆۋەتلىك مەملى-
كەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك
سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 ـ يىغى-
نىنىڭ پارتىيىلىك مەسئۇل كادىرلار يىغىنىدا قىلغان
سۆزىدە، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمى-
تىگە ئېنىق تەلەپ قويدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:
«ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي
كومىتېتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە
بويىچە، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى پائال ياخشىلى-
شى ۋە كۈچەيتىشى، نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇ-

5

كەممەللەشتۈرۈشى، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشى
كېرەك.» ئۇ يەنە نۆۋەتتە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ
ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى، مەمۇرىي، سوت
ۋە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدىكى نازا-
رەتچىلىكنى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى ئۈس-
تىدىكى نازارەتچىلىكنى ئۈنۈملۈك ھالدا ياخشىلاش ۋە
كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. پارتىيە 15 – قۇرۇلتىيى-
نىڭ روھى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزى شۇنى
تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئى-
دارە قىلىشنىڭ ئېھتىياجى، پارتىيە مەركىزىي كومى-
تېتى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا يۈكلىگەن
مۇھىم ۋەزىپە. ئۈچىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئورتاق ئارزۇسى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاز ساندىكى
ئەدلىيە خادىملىرى ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار
قانۇن ئىجرا قىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىۋاتىدۇ
، ئۆز نەپسىنى دەپ قانۇننى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ، ئامما
بۇنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلەنمەكتە، خەلق قۇرۇلتىيىغا
ھال ئېيتىپ كېلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە،
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشنى
تەلەپ قىلىش ساداسى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىگە سادىقلىق بى-
لەن ۋەكىللىك قىلىش ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇل-
تىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش تارتىپ
بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. بىز خەلقنىڭ ساداسىغا
قۇلاق سېلىپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ھەقىقىي
چىڭ تۇتۇپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىنى يەردە
قويماسلىقىمىز كېرەك.

تونۇشنى ئۆستۈرۈش تەدرىجىي بولىدۇ، بۇ-
نىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە توغرا
كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت
ئورگىنى خادىملىرى دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىس-
تىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى توغرىسى-
دىكى نەزەرىيىسىنى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى،
15 – قۇرۇلتاي روھىنى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ،
كومىتېت باشلىقى لى پېڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم بايان-
لىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، مۇجەل تونۇشنى ئايدىڭ-
لاشتۇرۇپ، ئىدىيىسىنى ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلى-
مىلەر، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ روھى ئاسا-
سىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى نازارەت
قىلغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ، باشقىلارنى نازارەت قىلىش
ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تونۇش مەسىلىسىنى
ئوبدان ھەل قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، دائىمىي كومىتېت تەركىبى-
دىكىلەر ۋە ئورگان خىزمەتچىلىرى ئۆگىنىشنى كۈ-
چەيتىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، ۋەزىپىسىنى
ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەش ئىشەنچىسى، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك
تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ئاساسىي قانۇن ۋە يەر-
لىك تەشكىلىي قانۇندا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا 13 تۈرلۈك خىزمەت
ھوقۇقى بېرىلگەن، بۇنى قانۇن چىقىرىش، نازارەتچى-
لىك قىلىش، چوڭ – چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ۋە
كادىرلارنى تەيىنلەش – قالدۇرۇش ھوقۇقى دەپ تۆت
تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقى-
رىش ھوقۇقى بار، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھى-
يىلەرنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزام تۈزۈش
ھوقۇقى بار، باشقا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتىنىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىش ھو-
قۇقى يوق. مەمۇرىي ئىشلارنى ۋە ئەدلىيە خىزمىتىنى
قېلىپلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قانۇن چىقى-
رىش، چوڭ – چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ۋە كادىر-
لارنى تەيىنلەش – قالدۇرۇش مۇئەييەن نازارەتچىلىك
خاراكتېرىگە ئىگە. شۇڭا، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى
مەسئۇلىيىتى نازارەتچىلىك خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش-
تىن ئىبارەت. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونى-
مىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتلىرى نازارەتچىلىك خىزمىتىگە ئەھمىيەت
بېرىپ كەلدى، لېكىن تېخى يېتەرلىك ئەمەس، نازا-
رەتچىلىك خىزمىتىنى چوقۇم بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ،
ئۇنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ياخشى بولغان –
بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم قىلىپ،
نازارەتچىلىك خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن

يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە
قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇ-
رۇش ــ ئۇلۇغۋار ئىش، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەچچە ئەۋ-
لادنىڭ بوشاشماي تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىغا توغرا
كېلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى
ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش
مۇددىتى چەكلىك. بىز باتۇرانە ئىشلەش روھىنى تىك-
لەپ، چەكلىك ۋاكالەت مۇددىتى ئىچىدە خىزمەتنى تې-
رىشىپ ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان
ۋەزىپىنى ئورۇنداپ، كېيىنكىلەرگە ياخشى ئاساس
سېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

**2. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنى كۈچنى مەر-كەزلەشتۈرۈپ چىڭ تۇتۇش لازىم**

ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە نىزاملارنىڭ ئۆز
مەمۇرىي رايونىدا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش
ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا يۈكلىگەن بې-
رىنچى مەسئۇلىيەت. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قى-
لىشتا، ئالدى بىلەن قەتئىي تۈردە قانۇنغا رىئايە قىلىش
ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش كېرەك. ناۋادا قانۇن ئېلان قى-
لىنغاندىن كېيىن ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلمىسا، قانۇن
ھەر قانچە ياخشى بولسىمۇ قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ
قالىدۇ، قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇشتىنمۇ ئېغىز ئاچ-
قىلى بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە
ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجرا-
سى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىككە يۈكسەك ئەھمىيەت بې-
رىپ، قانۇن ئىجراسىدىن دوكلات ئاڭلاش، قانۇن ئىج-
راسىنى تەكشۈرۈش، قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى
باھالاش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، قانۇن نازا-
رەتچىلىكى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كې-
رەك. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى-
تېتىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ـ نازارەت قى-
لىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلى-
مىسى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك
نىزامىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل
ئىجرا قىلىپ، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەك-
شۈرۈشنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇش كېرەك. دۆ-
لىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى قەدىمىنىڭ ئۈز-
لۈكسىز تېزلىشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت ۋە جايلارنىڭ
قانۇن چىقىرىش خىزمىتى زور دەرىجىدە كۈچەيدى.
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 360 نەچچە قانۇن تۈز-
دى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كو-
مىتېتىمۇ 210 نەچچە يەرلىك نىزام تۈزدى، دېمەك،
ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قە-
دەمدە شەكىللەندى. ھازىرقى ھالقىلىق مەسىلە قانۇنغا
جەزمەن ئاساسلىنىش، قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىش،
قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش
مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ھەل قىلىشتىن
ئىبارەت. قانۇن، نىزاملارنىڭ سانى ئاز ئەمەس، يەنە
كېلىپ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى-
نىڭ قانۇن نازارەتچىلىكىدە مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەن-
دۈرۈش، بەزىلىرىنى چىڭ تۇتۇش، بەزىلىرىنى ھازىرچە
قويۇپ تۇرۇش لازىم. ئومۇمىي تەلەپ: دۆلەتنى قانۇن
بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى يېتەكچى قىلىپ،
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا،
مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا،
پۇقرالار ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەن-
پەئەتىنى قوغداشقا ئائىت قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجرا-
سىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش.
كونكرېت ئېيتقاندا، بىرىنچى، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا
خىزمىتى جەھەتتىكى قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈ-
رۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش لازىم. يېقىنقى بىر
قانچە يىلدىن بۇيان، بىز بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ،
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇل-
تىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋە-
كىللىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئۇيۇشتۇرۇشتا
چىڭ تۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. ئەمما
يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىدە يېزا ئىگىلىكىگە
ئائىت قانۇن، نىزاملار ۋە سىياسەت بويىچە ئىش قىل-
مايدىغان ئەھۋال يەنىلا مەۋجۇت، كەلسە ـ كەلمەس ھەق
ئېلىش، مەبلەغ توپلاش ۋە تۈرلۈك سېلىق سېلىش
مەسىلىلىرى يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ، دېھقان، چار-
ۋىچىلارنىڭ يۈكى ئېغىر بولۇش مەسىلىسى يەنىلا تۈپ-
تىن ھەل بولغىنى يوق. شۇڭا، يېزا ئىگىلىكىگە ئا-
ئىت قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى
ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچى، دۆلەت كارخا-

نىلىرى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشقا ئائىت قانۇنلار، مەسىلەن، شىركەت قانۇنى، توختام قانۇنى قاتارلىق قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۈچىنچى، ئاپتونوم رايوننىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى قاتارلىق ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ئائىت قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. تۆتىنچى، مەمۇرىي جازا قانۇنى، دۆلەت تۆلەم قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى قاتارلىق مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ۋە ئەدلىيە ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ئائىت قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. بەشىنچى، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئائىت قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە مەقسەت ئېنىق ھەم پىلان بولۇش، شۇ جاينىڭ قانۇن ئىجراسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىنى تېپىپ چىقىش، ھەر يىلى تەكشۈرۈش قېتىمى كۆپ بولۇپ كەتمەسلىك، مەزمۇنى ئاز ھەم ساز بولۇش، كۆپ ھەم تولۇق بولۇشنى قوغلاشماسلىق كېرەك. ئاساسىي قاتلامغا، ئەمەلىيەتكە، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قۇشقاچ ئوپېراتسىيىسى قىلىپ، بىرىنچى قول ماتېرىيال ئىگىلەش كېرەك. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دائىمىي كومىتېت قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ۋە قانۇن ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ۋاقتىدا ئاڭلاپ، زۆرۈر تېپىلغاندا قارار چىقىرىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى ۋە ئەدلىيە خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

ئەدلىيە تارماقلىرى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. نۆۋەتتە ئەدلىيە خىزمىتىدە ئادىل بولماسلىق مەسىلىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت، ئىجرا قىلىش تەس بولۇش مەسىلىسى بىر قەدەر گەۋدىلىك، خەلق ئاممىسى بۇنىڭدىن بەك نارازى. ئەدلىيە خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىك مۇقەررەر ھالدا كونكرېت دېلوغا چېتىلىدۇ. ئايرىم دېلو ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك ھەققىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامىدا بەلگىلىمە چىقىرىلدى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىمۇ بۇنىڭغا ئائىت قانۇن تۈزۈشنى چىڭ تۇتىۋاتىدۇ. ئايرىم دېلو ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك بارلىق دېلولار ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى ئەمەس، قانۇنغا خىلاپ چوڭ دېلو ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىش ئارقىلىق، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆزئال قىلىنغان دېلو ۋە خاتا دېلو جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى مەركەز قىلىنغان ئۆز - ئۆزىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خاتا دېلونى ۋاقتىدا سېزىش ۋە تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئەرزىيەت ۋە ئاممىنىڭ دەۋا خاراكتېرلىك ئەرز دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، شۇ جايدا ئىجتىمائىي تەسىرى چوڭ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان دېلونى تاللاپ، ئايرىم دېلو ئۈستىدە ئەستايىدىل نازارەتچىلىك قىلىپ، سوت، تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ج خ ئورگىنىنىڭ خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈپ، ئەدلىيە خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ئىشلىشىگە، دېلونى ئادىل بېجىرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك.

دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق سىستېمىسىدا مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى قانۇن، نىزاملارنى مەمۇرىي تارماقلار ئىجرا قىلىدۇ. يېقىندا گوۋۇيۈەن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ئىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا قارار چىقاردى. بۇ قاراردا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە دائىر كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتتىن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش تەلەپ قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ گوۋۇيۈەننىڭ قارارىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مەمۇرىي قانۇن

ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە باھالاش ـ سىناش
تۈزۈمىنى پائال يولغا قويۇپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن
بويىچە يۈرگۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى
سۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشى
كېرەك. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى نا-
زارەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلى كۆپ، ۋەكىللەرنى قانۇن
ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى باھالاشقا تەشكىللەش خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك ئەمەلىيىتىدە يارىتىلغان
ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. باھالاشتا كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىشقا،
ۋەكىللەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كۆپرەك قاتناشتۇ-
رۇشقا، ھەر تەرەپنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا دىققەت قىلىش
كېرەك. ئايرىم قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى با-
ھالاشنى كۆپرەك ئۇيۇشتۇرۇپ، قانۇن ئىجراسىدىكى
مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ چىقىش ۋە ئىگىلەش كې-
رەك. باھالاش ئۇسۇلى خىلمۇخىل بولسا بولىدۇ، لې-
كىن ۋاقتىنى بەك ئۇزارتىۋېتىپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇ-
چى تارماقنىڭ نورمال خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ
قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. باھالاش پىكرى ۋەكىل-
لەرنىڭ پىكرى سۈپىتىدە باھالىغۇچى ئورگاننىڭ بې-
جىرىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ، ئۇنى دائىمىي
كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنغاندىن
كېيىن، قاراپ چىقىش پىكرى سۈپىتىدە يوللاپ، قانۇن
ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي تارماقلاردىن قانۇن ئىجرا قى-
لىش خىزمىتىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش تەلەپ قى-
لىنسىمۇ بولىدۇ.

**3 . ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بې-**
**رىپ، نازارەتچىلىك سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش**
**لازىم**

سۈپەت ۋە ئۈنۈم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمى-
تىنىڭ جان تومۇرى، بولۇپمۇ نازارەتچىلىك خىزمىتىدە
سۈپەتكە، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.
نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ قانداق ئىشلەنگەنلىكى ئا-
خىرقى ھېسابتا يەنىلا ئەمەلىي ئۈنۈم بولغان ـ بولمى-
غانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەمەلىي ئۈنۈم بولمىسا، نازا-
رەتچىلىك خىزمىتى ھەرقانچە داغدۇغىلىق بولغان بى-
لەنمۇ تېگىشلىك رول ئوينىيالمايدۇ . مۇشۇ مەنىدىن
ئېيتقاندا، ئەمەلىي ئۈنۈمى بولمىغان نازارەتچىلىك نا-
زارەت قىلمىغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ، يەنە كېلىپ
خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىكىنىڭ نوپۇزىغىمۇ زىيان
يەتكۈزىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ
دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ھەم ئورگان خا-
دىملىرى ئۈنۈم ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، راستى-
چىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، پۇختا ئىشلەپ، شەكىل-
ۋازلىقتىن ساقلىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەت-
چىلىك خىزمىتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سۈرۈشى
كېرەك. نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇش، نازارەت-
چىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە
نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ-
نىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە تۆۋەندىكى بىر قانچە
جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك.

بىرىنچى، پائال ئىزدىنىش، دادىللىق بىلەن
ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش لازىم. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىش
ئىسلاھاتىنىڭ مەھسۇلى. يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتى يېپيېڭى بىر خىزمەت، بۇنىڭدا ئەمەل قى-
لىدىغان تەييار قېلىپ يوق. بىزنىڭ خىزمەت تەجرى-
بىلىرىمىز ئەمەلىيەت جەريانىدا پەيدىنپەي يارىتىلغان،
بۇنىڭدىن كېيىن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ
راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئەمەلىيەت جەريانىدا داۋاملىق
ئىزدىنىشكە، ئىزدىنىش داۋامىدا ئىلگىرىلەشكە توغرا
كېلىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا
خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ پرىنسى-
پى ئېنىق بەلگىلەنگەن، لېكىن نازارەتچىلىكنىڭ
كونكرېت ئۇسۇلى ۋە تەرتىپى دېگەندەك ئېنىق، كونك-
رېت بەلگىلەنمىگەن، بۇ ھال خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
نازارەتچىلىك خىزمىتىگە مۇئەييەن قىيىنچىلىق تۇغ-
دۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىزدىنىش، تەرەققىيات
ئىمكانىيىتى يارىتىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا
بەلگىلەنگەن نازارەتچىلىك پرىنسىپىغا خىلاپ كەلمى-
سىلا، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دا-
ئىمىي كومىتېتى پائال ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن
ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت
جەريانىدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۈزلۈكسىز مۇ-
كەممەللەشتۈرسە ۋە ئۆستۈرسە بولىدۇ.

ئىككىنچى؛ ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قى-
لىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم. نازارەت قىلىش
ۋاستە، مەسىلىنى ھەل قىلىش مەقسەت. نازارەت-
چىلىك خىزمىتىدە ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ـ

قىلالماسلىقتا قاراشتا، ئاساسلىقى مەسىلىنى ھەل قىلىش ـ قىلالماسلىقتا قاراش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەسىلىنى سېزىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش جەريانىدا سېزىلگەن قانۇنغا خىلاپ زور مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇش، تۇتقاندىمۇ مەسىلە ئاخىرقى ھېسابتا ھەل بولغىچە چىڭ تۇتۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى 60 مىڭغا يېتىپ قالدى، ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم كۈچ، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىدىكى ئاساس. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى تېخى بىر قەدەر ئاجىز، كۈچى چەكلىك. ۋەكىللەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ۋەكىللەرنى نازارەتچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرغاندا، دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئۈنۈملۈك تولۇقلىغىلى، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىللەر پائالىيەت خىراجىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا تۈرلۈك ئامىللار بىلەن شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ۋەكىللەرنىڭ ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى دائىمىي كومىتېتنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىگە قاتنىشىشقا، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە تەشكىللەش كېرەك. ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە پىكىر، تەۋسىيەلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، بېجىرىش خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، بېجىرگۈچى ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللەر ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ھەل قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. ئىككى يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلىدىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم خىزمىتىنى ھەر يىلى ئىككى قېتىم ئۇقتۇرۇش، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ۋەكىللىك كېنىشكىسى بىلەن كۆرۈشۈش، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ھەر يىلى ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم خەت يېزىپ ئەھۋال ئىنكاس قىلىش قاتارلىق ئۈچ تەدبىرنى قوللاندى. بۇ يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە بىر قېتىم ئەھۋال ئۇقتۇردى، 9 ـ ئايدا سەككىز نەپەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى بىلەن كۆرۈشتى، بۇ جەمئىيەتتە كەڭ تەسىر قوزغىدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ماسلىشىپ، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى نازارەتچىلىك پائالىيىتىگە تەشكىللەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مۇھىم رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۆتىنچى، نازارەت قىلىش بىلەن قوللاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. دۆلىتىمىزدە، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى، مەمۇرىي

ئورگانلار، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئورتاق نىشاننى كۆزلەپ ئىشلەيدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمەت نۇقتىسى ۋە ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن تۈپ مەقسىتى بىر بولۇپ، ھەممىسى جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. تۈپ مەقسەتنىڭ مۇشۇنداق بىرلىكى نازارەت قىلىش بىلەن قوللاشنىڭ بىرلىكىنى بەلگىلىگەن. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش خىزمەت ھوقۇقىنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىشنى چەكلەش بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ، خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە توغرا يۈرگۈزۈشنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە قوللاش بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. نازارەت قىلىشمۇ، قوللاشمۇ ناھايىتى مۇھىم، نازارەت قىلىشنىلا تەكىتلەپ، قوللاشقا ئەھمىيەت بەرمىسەك بولمايدۇ، قوللاشنىلا سۆزلەپ، ئۆزىمىزنى نازارەتچىلىكنىڭ سىرتىدا قالدۇرساقمۇ بولمايدۇ. نازارەت قىلىش بىلەن قوللاشنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى يولداشلارمۇ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىدىكى يولداشلارمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشى لازىم. كونكرېت خىزمەتتە، نازارەت قىلىش بىلەن قوللاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە ئالاقىلىشىپ تۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ماسلاشتۇرۇش ۋە ماسلىشىشنى ياخشى يولغا قويۇشى لازىم. بىر تەرەپتىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىلگىرى، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنى ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈشى، چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ، ھەقىقىي ئاقىدىغان ھەل قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم. ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى، ئىككى مەھكىمىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى، تەپتىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشىنى قوللاش، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ كونكرېت خىزمىتىگە ئارىلاشماسلىق لازىم، ئۇلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى، مۇھىم خىزمەت ئەھۋالىنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىشى، مۇھىم يىغىنغا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى يولداشلارنى قاتناشتۇرۇشى لازىم. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىدە بېرىلگەن پىكىر، تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ قوبۇل قىلىش، تۈزىتىشكە تېگىشلىكلىرىنى ھەقىقىي تۈزىتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ياخشى ھەل قىلىشنى قوللىشى لازىم.

بەشىنچى، نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. كومىتېت باشلىقى لى پېڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار خىزمەت تارماقلىرى نازارەتچىلىك قانۇنىنى مۇزاكىرە قىلىپ تەييارلاۋاتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى كەڭ بولغانلىقتىن، ئۇنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە چىقىرىش تەس بولۇۋاتىدۇ، ھازىر ئىشنى نازارەتچىلىكنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان كونكرېت تۈزۈملەرنى تۈزۈشتىن باشلاپ، بىر قانچە ئايرىم نازارەتچىلىك قانۇنىنى تۈزۈۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىمۇ خام چوتنى نازارەت قىلىش، ۋەكىللەرنىڭ خىزمەتلەرنى باھالىشىغا ئائىت بىر قانچە يەرلىك نىزامنى تۈزۈشنى چىڭ تۇتۇۋاتىدۇ. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى نازارەتچىلىك قانۇن، نىزاملىرى چىقىشتىن ئىلگىرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ھازىرقى قانۇن، نىزاملارنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى مۇھىم ئاساس. نىزام ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان ئازكەم بەش يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ ئىجراسى ئومۇمەن ياخشى بولدى، لېكىن ئاز ساندىكى جايلار ئۇنى ياخشى ئىجرا قىلمىدى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى

قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، قانۇن بويىچە ئىش
قىلىنمىسا، نازارەتچىلىك پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ھەر
دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن
بويىچە نازارەتچىلىك قىلىشنى مۇھىم پرىنسىپ قىـ
لىپ، نازارەتچىلىك نىزامىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈپ، نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى نىزامدىكى بەلگىلىمە
بويىچە ھەقىقىي يۈرگۈزۈشى لازىم.

ئالتىنچى، چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە
قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش
لازىم. يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئۆز مە-
مۇرىي رايونىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە
قارار، بېكىتمە چىقىرىپ، مەمۇرىي، سوت، تەپتىش
ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىدىن ئۇنى ئىجرا قىـ
لىشنى تەلەپ قىلىشتا، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت
ئورگىنىنىڭ زورلاش كۈچىنى ئارقا تىرەك قىلىدۇ، بۇ
كۈچلۈك نازارەتچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە، خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىدىكى مۇھىم ۋاسىتە. ھەر
دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىـ
تېتى قارار قىلىش ھوقۇقىنى تولۇق ئىشلىتىپ، قا-
نۇن، نىزاملارنى يولغا قويۇش خىزمىتى، مەمۇرىي
قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى ۋە ئەدلىيە خىزمىتىدى-
كى چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار، بېكىتمە چىـ
قىرىشى لازىم. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى
يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسىي قاتلىمى،
يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك
خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم. يېزىلىق،
بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزى-
لىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت نىزامىدا
بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتى بويىچە، خەلق قۇرۇلتىيى
ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ تۈرلۈك نازارەتچىلىك خىز-
مىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشى كېرەك. يېزىلىق، با-
زارلىق خەلق قۇرۇلتىيى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلى-
دىغان چوڭ - چوڭ ئىشلار بىر قەدەر كونكرېت بولىدۇ.
كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە
چېتىلىدىغانلىكى ئىشلارنى يېزىلىق، بازارلىق خەلق
قۇرۇلتىيى مۇزاكىرە قىلىشى ھەمدە قارار قىلىشى
كېرەك. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى بىر
يىلدا بىر قېتىم يىغىن ئېچىش بىلەن چەكلىنىپ
قالماي، ئېھتىياجغا قاراپ بىر قانچە قېتىم يىغىن
ئېچىپ، يېزا، بازارنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى ۋاق-
تىدا قارار قىلسا بولىدۇ.

**4. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇ-**
**رۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىز-**
**مىتىنى ھەر دەرىجىلىك پارتكومنىڭ قوللىشىغا**
**تايىنىپ ئوبدان ئىشلەش لازىم**

پارتىيىنىڭ خەل قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە
بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش خەلق قۇرۇلتىيى ۋە
ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك
سىياسىي پرىنسىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى
ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى. بۇ ئاپتونوم رايونى-
مىزدىكى خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنىڭ ئورتاق تو-
نۇشى بولۇپ قالدى. 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون-
لۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ھەر دە-
رىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى باشتىن ئاخىر ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتكوم ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكومنىڭ رەھبەر-
لىكى ئاستىغا قويۇپ، خىزمەت ھوقۇقىنى پائال، تە-
شەببۇسكار ھالدا پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى
چۆرىدىگەن ھالدا يۈرگۈزۈپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن،
سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىنى، ھەر دەرى-
جىلىك پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئو-
ڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە تېگىش-
لىك رول ئوينىدى. بۇنىڭدىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەڭ دەرىجىلىك
پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىنى تېخىمۇ ئاڭلىق قوبۇل
قىلىپ، پارتكومنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشىغا تاي-
نىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى
چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشى لازىم. نازارەتچىلىك خىزمى-
تىدە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى
ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، نازارەتچىلىك ھوقۇ-
قىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە
مۇقىملىقىدىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى يېقىندىن
چۆرىدەپ يۈرگۈزۈش لازىم. ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە
مۇقىملىق پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمى-

تىنىڭ ئومۇمىيتى، بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ
مەنپەئىتىنى مەركەزلىك ئىپادىلەپ بېرىدۇ. خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى مۇشۇ ئومۇ-
مىيلىقتا بويسۇندۇرۇپ ۋە خىزمەت قىلدۇرۇپ، خىز-
مەتنى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، ئىسلاھات، ئېچى-
ۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى
كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، ئاپتونوم رايونى-
مىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ساقلاش لازىم.
پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن قانۇن بويىچە
ئىش قىلىشنىڭ، كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش بىلەن
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كادىرلارنى قانۇن
بويىچە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا
بىر تەرەپ قىلىش لازىم. جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، پارتىيىنىڭ
ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇش ئورنى تارىخىي ھالدا شە-
كىللەنگەن، يەنە كېلىپ ئاساسىي قانۇنغا ئېنىق يې-
زىلغان. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى پارتىيە خەلققە
رەھبەرلىك قىلىپ تۈزگەن، ئۇ پارتىيىنىڭ سىياسەت-
لىرىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇشى بو-
لۇپ، پارتىيىنىڭ ئىرادىسى بىلەن خەلقنىڭ ئىرادى-
سىنىڭ يۈكسەك بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ. قانۇننى
ئىجرا قىلىش بىلەن سىياسەتنى ئىجرا قىلىش، پارتىيە
رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن قانۇن بويىچە ئىش
قىلىش، كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش بىلەن خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كادىرلارنى قانۇن بويىچە
تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش تامامەن بىردەك. ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر
بۇنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر تونۇپ ۋە
توغرا ئىگىلەپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە
پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلان-
دۇرۇش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ
خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشىغا تۈزۈم ۋە قانۇن جە-
ھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. يېقىنقى ئىككى
يىلدىن بۇيان، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ دۆلەت
ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى
ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاسا-
سەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى ناھىيىلىك، شە-
ھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى دۆ-
لەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى ئۈستىدە نازارەتچىلىك
قىلىش جەھەتتە پايدىلىق سىناق قىلىپ، ۋەزىپە ئۆتەش
ئەھۋالىنى باھالاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات ياي-
دۇردى. جايلارنىڭ تەڭ دەرىجىلىك پارتكومىنىڭ رەھ-
بەرلىكىدە، داۋاملىق ئىزدىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆت-
كۈزۈپ، تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، تەدرىجىي كېڭەيتى-
شىنى ئۈمىد قىلىمەن. يوليورۇق سوراش ـ دوكلات
قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ، خەلق قۇ-
رۇلتىيى خىزمىتىدە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىر
سىياسىي ئىنتىزام. مۇھىم نازارەتچىلىك خىزمىتى،
قانۇنغا خىلاپ زور مەسىلىلەر ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش
ھەققىدىكى پىكىرنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى-
تېتى پارتگۇرۇپپىسى تەڭ دەرىجىلىك پارتكومغا ۋاقتىدا
دوكلات قىلىپ ۋە يوليورۇق سوراپ، خىزمەتنى پارت-
كومنىڭ يوليورۇقى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن ياخشى
ئىشلىشى لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دۆلەتنى قانۇن
بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش،
ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قە-
دىمىنى تېزلىتىش جەھەتتە بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ،
ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. يېڭى ئەسىردە خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئېغىر بولىدۇ،
ئىستىقبال پارلاق. كۈچىمىزنى روھلىنىپ، جاسا-
رەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى
داۋاملىق ئالغا سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلا-
ھاتى، تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە
ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد
قىلىمەن.

(بۇ يولداش ھامىدىن نىيازنىڭ ئاپتو-
نوم رايون بويىچە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەت-
چىلىك خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇ-
رۇش يىغىنىدىكى سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى،
ماۋزۇسى ژۇرنىلىمىز تەرىپىدىن قويۇلدى)

# پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوللايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭشاۋ



بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى توپ ۋەزىپىسى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى مۇھىم مەسئۇلىيىتى قىلىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرىلەپ، ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى بولۇپمۇ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە ئىجابىي تۆھپە قوشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىدىن مەمنۇن.

مۇدىر ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئەتراپلىق يەكۈنلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. مەن نۇقتىلىق ھالدا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتى ھەققىدىكى بىر قانچە پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتەي.

**1. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇش لازىم**

كۆپ يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىز-

مەتنىنى كۈچەيتىش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يولغا قويۇش ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشقا تۈرتكە بولۇش، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيەتنى قوغداشتىكى مۇھىم تەدبىر ۋە ئۈنۈملۈك شەكىل. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش» تىن ئىبارەت دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يولغا قويۇش ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇش — دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ۋە مۇھىم ھالقىسى. بىر مەزگىلدىن بۇيان، قانۇن تۇرۇقلۇق ئاساس قىلماسلىق، قانۇن ئىجرا قىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇننى بۇزۇشقا ئوخشاش مەسىلىلەر ھە دېسىلا كۆرۈلۈپ تۇردى، ئەدلىيە ئىشلىرىدىكى چىرىكلىك بەزى جايلاردا يەنىلا خېلى گەۋدىلىك بولدى، ئاممىنىڭ بۇ مەسىلىگە ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇپ، ھەل قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش مۇھىم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى قارار قىلىش ھوقۇقى ۋە كادىرلارنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش ھوقۇقى قاتارلىق قانۇندا بەلگىلەنگەن خىزمەت ھوقۇقىنى تىرىشىپ ياخشى يۈرگۈزۈش بىلەن بىللە، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش شەرت. ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ھەم يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىغا كەلسەك، ئۇلار نازارەتچىلىك خىزمىتىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى تېخىمۇ مۇھىم ۋەزىپە قىلىشى كېرەك.

ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە قۇرۇلغان ھەم شۇ بويىچە ئىش قىلىدۇ. دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى خىزمەتنى پارتىيە رەھبەرلىكىدە قانات يايدۇرۇپ، يېقىندىن ماسلىشىپ، ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ ھەمكارلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىشىنى بىرلىكتە ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. نۆۋەتتە بىز ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمىز. ئالدىمىزدا نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر تۇرۇپتۇ، بۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ. بىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈپ سىياسىي تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇنىي ئورنىغا ھۆرمەت قىلىشى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمەت ھوقۇقىنى ئوبدان يۈرگۈزۈشىنى قوللىشى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك فۇنكسىيىلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرى پارتىيە ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىرلىكىنى توغرا چۈشىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، خەلق تاپشۇرغان ھوقۇقنى ئوبدان يۈرگۈزۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇشى، خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماسلىقى، پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن نازارەتچىلىك ھوقۇقلىرىنى دادىل، ئوبدان يۈرگۈزۈپ، خىزمەتلەرنى ئەتراپلىق ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم را-

يونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى لازىم.

**2. يېڭى ۋەزىيەتتە خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك**

ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئومۇمىي تەلىپى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىك ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، نازارەتچىلىك تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئادىل يۈرگۈزۈشىگە تۈرتكە بولۇپ ۋە ئۇنى قوللاپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق خىزمىتىدىكى چوڭ ـ چوڭ تەدبىرلەرنىڭ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. كونكرېت خىزمەتتە ئومۇمىيەتنى كۆڭۈلگە پۈكۈش، ئاساسىي زىددىيەتنى تونۇشتا ماھىر بولۇش لازىم. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭمۇ مۇھىم نۇقتىسى قىلىنىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى پارتكومنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە بويسۇندۇرۇش ۋە خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، نازارەتچىلىككە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىككە ئائىت كونكرېت تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۇرۇش، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى تەدرىجىي قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تۈزۈملەشتۇرۇش شەرت. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشىپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشنى نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى ئوبدان يۈرگۈزۈشتىكى ئۇل خىزمىتى سۈپىتىدە تۇتۇش، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتقانلىق پارتىيىنىڭ خىزمىتىگە ئاكتىپ ماسلاشقانلىق شۇنداقلا ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرگەنلىك ھەم قوللىغانلىق بولىدۇ. ھازىر ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى مەركىزىي خىزمەتلەرنى تېخىمۇ زىچ چۆرىدەپ، ئومۇمىيەتنى ئىگىلەپ، ئاساسىي تېمىنى تۇتۇپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىنى ئۇزاققىچە مۇقىم يۈكسەلدۈرۈش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۇلۇغۋار نىشانىغا يېتىشكە يېڭى تۆھپە قوشۇشى لازىم.

بىرىنچى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قىلىش كېرەك. بۇ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ تۈپ تەلىپى. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەزى بەلگىلىمىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشمەسلىكى ھازىرقى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى گەۋدىلىك زىددىيەت. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئادىل يۈرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇشنى نىشان قىلىپ، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ نوپۇزى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىش؛ قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە

تەكشۈرۈپ سىناش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش؛ سوت،
تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ سوت، تەپتىش ھوقۇقىنى
توغرا يۈرگۈزۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى
قوللاش، ئەدلىيە قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش،
ناھەق، خاتا دېلولاردا مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈ-
زۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، چىرىك-
لىكنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، ئەدلىيىنىڭ ئادىللىقىغا
تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش، قانۇن بولسىمۇ
ئاساسلانمايدىغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈ-
رۈشتۈرمەيدىغان، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلمايدىغان
ھەتتا قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق
قىلىدىغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇننى بۇزىدى-
غان ئەھۋاللارنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم.

ئىككىنچى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلا-
ھات ۋە قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ مەسىلىلەرنى، خەلق ئام-
مىسى ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «قىزىق نۇقتا»
مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا، نازارەتچىلىكنى يولغا
قويۇش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى چوڭ ئىشلارنى نازا-
رەت قىلىشى، چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشى كې-
رەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا
ئاساسەن، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە
غەربىي قىسىم رايونلارنى ئېچىش تارىخىي پۇرسىتىنى
چىڭ تۇتۇپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈس-
تۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىدە تېخىمۇ چىڭ
تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەق-
قىيات يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، رايون ئۈستۈنلۈكىگە
ئىگە بايلىقلارنى ئېچىشنى تېزلىتىپ، ئالاھىدىلىككە
ئىگە ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ،
يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىقتىساد ۋە
جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈش كېرەك. مۇ-
ھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى
قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى نۇقتىلىق تۇتۇپ، يېزا ئى-
گىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسەلدۈ-
رۈش؛ بارلىق ئاماللار بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى
كۆپەيتىش؛ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى كۈچەي-
تىش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىشنى تېزلى-
تىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىستراتېگىيىلىك ئۆز-
گەرتىپ تەشكىللەشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەت كار-
خانىلىرىنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ۋە
كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، تىرىشىپ دۆلەت
كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش
نىشانىغا يېتىش؛ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-
تىپ، بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەرنى ياخشى تۇتۇش،
ئىقتىسادىي تەرەققىيات زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇش؛ 3 ـ
كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، يەككە، خۇسۇ-
سىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛
پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش
ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ،
پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ سا-
پاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنى
سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ
مۇشۇ چوڭ مەسىلىلەر ۋە نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى چۆ-
رىدىگەن ھالدا، ھۆكۈمەت ئۈستىدىن قىلىنىدىغان نا-
زارەتچىلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى كېرەك. ھۆكۈ-
مەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ۋاقتىدا ئاڭلاپ، كۆزدىن
كەچۈرۈش، تەكشۈرۈشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ،
پىكىر، تەكلىپلەرنى پائال ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھۆكۈ-
مەتنىڭ خىزمەتلەرنى ياخشىلىشىغا ياردەم ۋە مەدەت بې-
رىپ، ئالغا بېسىش داۋامىدىكى قىيىنچىلىقلارنى تې-
رىشىپ يېڭىپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشتىكى چوڭ ـ
چوڭ تەدبىرلەرنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ
دائىمىي كومىتېتلىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىنى نازارەت
قىلىش بىلەن بىللە، يەنە چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە
تەدبىر بەلگىلەشكە پائال قاتنىشىشى لازىم. ھەر دەرى-
جىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېت-
لىرىدا ئۇزاق مۇددەت پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنىدا
خىزمەت قىلغان، مول تەجرىبىگە ئىگە بىر تۈركۈم
پېشقەدەم كادىرلار ۋە ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ئىختى-
ساس ئىگىلىرى مەركەزلەشكەن، بۇ ئۈستۈنلۈكنى
جەزمەن تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئۇلار ئومۇمىيەت
خاراكتېرىدىكى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر ھەققىدە،
چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئەستايى-
دىل مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن پىكىر ۋە تەكلىپ بې-
رىش كېرەك. نازارەت قىلىش بىلەن قوللاشنىڭ مۇنا-

سىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت قىلىپ، ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئالاقىلىشىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى چۈشىنىش ۋە قوللاشقا، روھلىنىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاتلىنىشقا يېتەكلەش لازىم.

ئۈچىنچى، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشنى باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم مەسئۇلىيەت قىلىش لازىم. مۇقىملىق ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىيىتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۈپتىن ئوڭشاش بىلەن يۈزەكى ئوڭشاشقا تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. لېكىن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش شىنجاڭدا ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇشەققەتلىك ۋە زىيە، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن كەسكىن، بىز جەزمەن مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ دېگەن ئىدىيىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەپ، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمەتلىرىنى پۇختا ۋە ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشتا پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتنى ئىلگىرىكىدەكلا پائال قانات يايدۇرۇپ، ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنى كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش يولىدا بوشاشماستىن تىرىشىش لازىم. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ ۋە جاپالىق ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەردىن كېلىدۇ دېگەن كۆز قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش لازىم. ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ باشتىن ئاخىر مۇقىملىقنى قوغداشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇھىم ۋەزىپە قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋە مەدەت بېرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ۋە زوراۋانلىق، تېرروزلۇق جىنايەت ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە قەتئىي زەربە بېرىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر مىللەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مۇقىملىقنى قوغداشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىغا كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئاممىغا چوڭقۇر خىزمەت ئىشلەپ، خەلق ئاممىسىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا پۇختا ئاممىۋى ئاساس سېلىش لازىم.

تۆتىنچى، پۇقرالارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇق - مەنپەئىتى قاتارلىق قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى نازارەتچىلىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىشى، بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە پائال قاتنىشىشىدىن ئايرىلمايدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى جەزمەن ياخشى قوغداش، ياخشى يېتەكلەش، ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەت خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان كەڭ دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەك. ھازىر بەزى جايلاردا، ئاممىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان، ئاممىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۆز يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەر تېخى خېلى گەۋ-

دىلىك بولماقتا. بولۇپمۇ يېزا خىزمىتىدە دېھقانلارنىڭ يەر ھۆددىگەرلىك ھوقۇقى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى ۋە مەھسۇلاتتىن قىلىنغان دارامەتنى تەقسىم قىلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلماسلىق، خىزمەت ئىستىلى ئاددىي، قوپال بولۇش، بۇيرۇقۋازلىق قىلىش ۋە دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى خالىغانچە ئېغىرلىتىۋېتىش مەسىلىلىرى بەزى جايلاردا يەنىلا بىر قەدەر ئېغىر، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىغا بەرھەم بەرمەكتە. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگان بولغاچقا، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنىڭ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى قىلىدۇ. ئۇ چوقۇم بۇ جەھەتتىكى نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساداسى ۋە تەلەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى، جان - دىل بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىشى لازىم. كۆپ تەرەپلىمە ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشقا ئاتلىنىش جەھەتتىكى غايەت زور قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

بەشىنچى، دۆلەت ئورگانلىرى خىزمەتچىلىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش لازىم. پارتىيە كادىر باشقۇرۇش — پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ مۇھىم پرىنسىپى. پارتىيە كادىر باشقۇرۇش بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىشى بىردەك. كادىرلار ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش — پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئۇ پارتىيىنىڭ كادىرلارنى نازارەت قىلىشى بىلەن بىردەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى دۆلەت ئورگانلىرى خىزمەتچىلىرىنى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ياتال، دادىل ئادا قىلىشى لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنى باھالىدى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەيىنلىگەن كادىرلارنىڭ خىزمەتنى ئادا قىلىش دوكلاتىنى باھالىدى، بۇ دۆلەت ئورگانلىرى خىزمەتچىلىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشتىكى ئۈنۈملۈك شەكىل، ئۇنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇنىڭدا دۆلەت ئورگانلىرى خىزمەتچىلىرىنىڭ خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزگەن - يۈرگۈزمىگەنلىكى، قانۇن بويىچە ئىش قىلغان - قىلمىغانلىقى، پاك - دىيانەتلىك بولغان - بولمىغانلىقى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان - قىلمىغانلىقىنى نۇقتىلىق نازارەت قىلىش لازىم. نازارەت قىلىش ئارقىلىق، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش قىلمىشلىرى ۋە قانۇندىن ھالقىغان باشقا قىلمىشلارنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. بايقىغان چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەڭ دەرىجىلىك پارتكومغا دوكلات قىلىش لازىم. قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش، خىيانەتچىلىك، چىرىكلىشىش، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىكىگە چوغ تارتىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇننى بۇزۇش قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغانلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا، ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاشقا تېگىشلىك بولسا، قانۇن بويىچە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش كېرەك، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا چېتىلىدىغانلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈشىنى قوللاش لازىم.

**3 . خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، پارتىيىنىڭ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشىدا چىڭ تۇرۇش — ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەر قانداق ۋاقىتتا تەۋرىنىشكە بولمايدىغان تۈپ سىياسىي پرىنسىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش سىياسىي يۈكسەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن قەتئىي قانۇن بويىچە

ئىش قىلىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خەلق
قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنىڭ
ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە
ئادا قىلىشىنى قوللاش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى خىز-
مىتى مەسىلىسىنى قەرەللىك مۇزاكىرە قىلىپ، خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ
دوكلاتىنى ۋاقتىدا ئاڭلاش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە
ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكى، تەك-
شۈرۈشى، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قاراپ چىقىپ قارار
قىلىشى ھەمدە خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشىنى
فاڭجېن، پرىنسىپ جەھەتتىن كۆپرەك مۇزاكىرە قى-
لىپ، كۆپرەك يوليورۇق بېرىپ، ئۆتكەلنى كۆپرەك
ئىگىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى باشتىن ئاخىر
توغرا يۆنىلىشنى ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش
لازىم. دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق فۇنكسىيە-
سىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق قانۇن ۋە تۈزۈم جە-
ھەتتىن پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىز-
چىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقنىڭ
مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەشەب-
بۇسلارنى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قانۇنىدا
بەلگىلەنگەن تەرتىپى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە
ئايلاندۇرۇشتا، ئومۇمىي خەلقنىڭ ھەرىكەت مىزانى ۋە
ئورتاق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشتا ماھىر بولۇش لازىم.
ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەر دەرىجە-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ
خىزمەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ئاكتىپ
داۋاملىق ياردەم ۋە مەدەت بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتىنىڭ نورمال ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا
كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات
تارماقلىرى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرى خەلق قۇرۇلتىيى
تۈزۈمى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتى بولۇپمۇ ئۇنىڭ نازارەتچىلىك
خىزمىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقات ۋە خەۋەر قىلىش
خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھ-
بىرىي كادىرلار ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئۆگىنىش-
نى كۈچەيتىپ، قانۇنچىلىق قارىشىنى ئۆستۈرۈشى،
قەتئىي تۈردە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ھە-
رىكەت قىلىشى، ھەقىقىي تۈردە قانۇن بويىچە تەدبىر
بەلگىلىشى، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، ھەممە ئىشنى
قانۇن بويىچە بېجىرىشى لازىم.

پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇ-
نىڭغا تايىنىش — خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخ-
شى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
ھەر نۆۋەتلىك، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائى-
مىي كومىتېتلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ
ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ ناھايىتى ئوبدان ئىشلىدى، بۇنىڭ-
دىن كېيىن بۇ ئەنئەنىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش
لازىم. ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش، سىياسىيغا
ئەھمىيەت بېرىش، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشتە
چىڭ تۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ توغرا
سىياسىي يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. چوڭ - چوڭ
مەسىلىلەردە يوليورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈ-
مىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇش، خىزمەت ھوقۇقلىرىنى
يۈرگۈزگەندە، پارتكوم پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلۇش
زۆرۈر بولغانلىكى ئىشلارنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىش لا-
زىم. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى كوم-
پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيە
ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، پارتىيىنىڭ مۇد-
دىئاسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن قانۇن
بويىچە ئىش قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى
ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىيە
ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن،
فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمى-
تىدە ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللىشىشى ۋە ئەمەلىيلىشى-
شىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوت-
سىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش — پارتىيە-
نىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلى-
شىدىكى ئاساسىي تەدبىرى، ئۇ دەۋرنىڭ تەلىپى،
خەلقنىڭ ئارزۇسى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ
بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن ياد-
رولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا تې-
خىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ
تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك
دېموكراتىك سىياسىينى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپ-
تونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زاما-
نىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەسىر ھالقىتىپ تەرەققىي
قىلدۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

**(بۇ يولداش جو شېڭتاۋنىڭ ئاپتونوم
رايون بويىچە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك
خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش يە-
غىنىدىكى سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى، ماۋزۇسى
ژۇرنىلىمىز تەرىپىدىن قويۇلدى)**

# خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرەيلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى
جاڭ ۋېنيۆ



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسى بويىچە نازارەتچىلىك خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ۋە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى مەخسۇس مۇزاكىرە، مۇھاكىمە قىلدى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇردى، مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

ئۆزۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى پائال، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ۋە مەلۇماتلىرىنى ۋاقتىدا ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە، كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەستايىدىل تەشكىللەپ، ئاممىنىڭ سادانىسى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتى ئۈستىدە پائال تۈردە پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىپ، دۆلەت قانۇن، نىزاملىرىنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشىلىشى، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى، پاك - دىيانەتلىك بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش يولىدا پائال رول ئوينىدى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ
تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، ئاساسىي قانۇندا: ھەر دەرىجە-
لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋۇجۇدقا
كېلىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ،
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، دەپ
بەلگىلەنگەن. خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ
مۇناسىۋىتى ھەم دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بىلەن
ئۇنىڭ ئىجرائىي ئورگىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەم نازارەت
قىلىش بىلەن نازارەت قىلىنىش مۇناسىۋىتى. خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى خەلققە ۋاكالىتەن قىلى-
نىدىغان نازارەتچىلىك، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق قۇرۇلتى-
يىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى ماھىيەتتە
خەلقنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلغانلىق، شۇنداقلا
خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولغانلىق. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
نازارەتچىلىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى
قوللاش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش بولۇپ، خەلق قۇرۇلتى-
يىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قانۇن بويىچە ئاڭلىق قوبۇل
قىلغاندىلا ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىش-
لىگىلى بولىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر خەلق قۇرۇل-
تىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا خىزمەتلىرىنى
ئەستايىدىل، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات قىلىشى
كېرەك. يىلدا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلق قۇرۇلتىيى يى-
غىنىغا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە پىلان، ما-
لىيە دوكلاتلىرىنى بەرگەندىن باشقا، ئادەتتە خەلق قۇ-
رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىغىمۇ ھۆكۈمەت
خىزمىتىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي
تەرەققىياتقا دائىر بەزى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر توغرى-
سىدا ۋاقتى ۋاقتىدا دوكلات بېرىپ تۇرۇشى كېرەك.
خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قارال-
لىك يىغىن ئاچقاندا ھۆكۈمەت تەركىبىدىكىلەر ۋاقتىنى
مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى، قارەللىك يىغىنغا چوقۇم
قانۇن بويىچە قاتنىشىشى، پىكىرلەرنى ئەستايىدىل
ئاڭلىشى، سوئاللارغا ئىنچىكىلىك بىلەن جاۋاب بېرى-
شى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كو-
مىتېتى خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ئوتتۇرىغا
قويغان تەكلىپ، تەنقىد ۋە پىكىرلەرگە، قارار، بې-
كىتمىلەرگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، جىددىي
مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قى-
لىپ، بىرمۇبىر تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ھەمدە ئىجرا
قىلىش ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى كېرەك.
خەلق قۇرۇلتىيى تەستىقلىغان خەلق ئىگىلىكى ۋە
ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى شۇنداقلا مالىيە خام
چوتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى، خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىپ قارار قىلىشىدىن
ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، پىلاننى ياكى خام چوتنى خالىغانچە
ئۆزگەرتمەسلىكى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئۇلارغا قا-
راشلىق تارماقلار خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن بولغان ئالا-
قىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، تەڭ دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن بولغان ئالاقىلى-
شىش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى ۋە مۇكەممەل-
لەشتۈرۈشى كېرەك. ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ھوقۇ-
قىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە، ۋەكىللىك مەجبۇ-
رىيىتىنى ئادا قىلىشىغا، ۋەكىللىك رولىنى جارى
قىلدۇرۇشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەر
دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىنىڭ مەس-
ئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈش خىزمىتىنى پائال ياخشى
ئىشلەپ، ۋەكىللەرنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا
شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. ھۆكۈمەت تەركىبى-
دىكىلەر خىزمەت ئۆتەش ئەھۋالى توغرىسىدا تەڭ دەرى-
جىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەستا-
يىدىل دوكلات بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى-
نىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى باھالىشىنى كەمتەرلىك
بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى دائى-
مىي كومىتېتى تەشكىللىگەن كۆزدىن كەچۈرۈش،
تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى قارشى ئېلىپ ۋە قوللاپ،
خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى كوللېكتىپ ياكى ۋە-
كىللىك كىنىشكىسىگە ئاساسەن ئايرىم ھالدا كۆزدىن
كەچۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشقا تەشەببۇسكارلىق

بىلەن تەكلىپ قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تارماقلىرى زىچ ماسلىشىپ، بىر ـ بىرىنى قوللاپ، قانۇن ئىجراسىنى، خىزمەت ئەھۋالى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەينەن دوكلات قىلىپ، ۋەكىللەر خىزمەت جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، تەنقىد ۋە پىكىرلەرنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاپ ۋە قوبۇل قىلىپ، خىزمەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق تارماقلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. «خوجايىن» بىلەن «خىزمەتكارلىق» مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرگەندە بىپەرۋالىق قىلماي، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەي، خەلققە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇشتەك ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن ئوبدان بېجىرىش كېرەك. ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان ئىشلار شارائىت يار بەرسىلا تېزدىن بېجىرىش؛ قىيىنچىلىق بولسا پائال شارائىت يارىتىپ، تىرىشىپ بېجىرىش كېرەك، دەرھال ھەل قىلغىلى بولمىسا ۋەكىللەرگە چۈشەندۈرۈش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق تارماقلار پوزىتسىيىسىنى توغرىلاپ، ئاكتىپ ماسلىشىپ، تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ سوئال، سۈرۈشتۈرمە قويۇش، ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش قاتارلىق نازارەتچىلىك شەكىللىرى ئارقىلىق ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى ئۈستىدىن قانۇن نازارەتچىلىكى، خىزمەت نازارەتچىلىكى قىلىشىنى پائال قوللاپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى كېرەك.

نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى يېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيى «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش» تۈپ ئىستراتېگىيىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا، بۇ ئىستراتېگىيە يېڭى ئاساسىي قانۇنغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ھۆكۈمەت خىزمىتىدە كونكرېتلاشتۇرۇش ئاساسلىقى قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش دېمەكتۇر. قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئۇنىڭ خىزمەت تارماقلىرى گوۋۇيۈەن يېقىندا چىقارغان «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بېكىتمە» نى كەمكۈتىسىز تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش تەلپىنگە ماس كەلمەيدىغان ئەنئەنىۋى كۆز قاراش، خىزمەت ئادىتى ۋە ئۇسۇللىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىي ھوقۇقنى خەلق، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بەرگەن، مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكىلا بولىدۇ، قانۇن بويىچە ئىش قىلغاندىلا جەمئىيەتنى ياخشى باشقۇرغىلى بولىدۇ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار چوقۇم قانۇن جاۋابكارلىقىغا تارتىلىشى كېرەك دەيدىغان قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدىكىلەر ۋە بارلىق مەمۇرلار قانۇننى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، چۈشىنىۋېلىشى، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشى ۋە ئۇنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ساپاسىنى ۋە قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنچىلىق ئاپپاراتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسپكە پىششىق، ئىستىلى دۇرۇس بولغان

هۆكۈمەت قانۇنچىلىق خىزمىتى قوشۇنىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ هۆكۈمەت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى مەسلىھەتچىلىك، ياردەمچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. بار قانۇنلارغا ئاساسلىنىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى سۈرۈشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك. مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشى، تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى، هۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قاتلام، دەرىجە بويىچە نازارەت قىلىش ۋە مەخسۇس نازارەت قىلىشنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشى، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى تەدرىجىي ھالدا تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە قانۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. بارلىق مەمۇرىي ئورگانلار ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرى خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشى، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى لازىم.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ۋەكىللەر قانۇنىدا: ۋەكىللەر پائالىيەت خىراجىتى شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ھەر دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارماقلىرى ۋەكىللەر قانۇنى قاتارلىق قانۇن، نىزاملارنى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چىقارغان قارار، بېكىتمىلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ پائالىيەت خىراجىتىنى بارلىق ئامىللار بىلەن كاپالەتلەندۈرۈشى، ۋەكىللەرنىڭ قانۇنىي ئورنىغا تولۇق هۆرمەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىشى ۋە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوللىشى لازىم. خىراجەت يېتىشمىگەنلىكتىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت شارائىتى، قاتناش قورالى، كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيى قۇرۇلۇشىدا بىر مۇنچە قىيىنچىلىق ساقلانماقتا، بۇلار ئاساسىي قاتلام خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى نورمال يۈرگۈزۈشكە كاشىلا قىلماقتا. بۇنىڭغا نىسبەتەن ھەر دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەقىقىي تۈردە مۇھاكىمە قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاساسىي قاتلام خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت شارائىتىنى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا تەدرىجىي ياخشىلىشى، ئاساسىي قاتلام خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى ھەقىقىي قوللاپ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

2000 - يىلى يېڭى ئەسىر بىلەن كونا ئەسىر ئالمىشىدىغان بىر يىل، ھەممىمىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى بۇرۇنقىدەكلا قوبۇل قىلىپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى ۋە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، يېڭى ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋالايلى.

**(بۇ يولداش جاڭ ۋېنيۆنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدىكى سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى، ماۋزۇسى ژۇرنىلىمىز تەرىپىدىن قويۇلدى)**

# خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا

ئەكبەر ئابلىم

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ تەشۋىق قىلىنىشى، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ كۈچەيتىلىشى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئۆز رولىنىڭ پائال جارى قىلدۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى، ئۇلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنى خەلق ئۈچۈن سۆزلەيدىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئورۇن دەپ قارايدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن بەزى قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا خەلق قۇرۇلتىيىغا ئەرز قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆپەيدى. پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي بىكار قىلىنىپ، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىشى ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ مەزمۇنى، دائىرىسى كېڭىيىپ سالمىقى ئېغىرلاشتى.

ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا ۋە ئەمەلىي خىزمەت ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ، ئەرزىيەت خىزمىتى خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خەلق ۋەكىللىرى ۋە ئاممىنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلغىلى ۋە شۇ ئارقىلىق، خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت نازارەتچىلىكى ۋە قانۇن نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلىگىلى، نازارەتچىلىك جەريانىدا ئۈنۈملۈك تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلغىلى، قانۇن ـ نىزاملارنىڭ توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، نازارەتچىلىكنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان يېڭى تېما بولۇپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

1 . خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، پۇقرالارنىڭ ھەرقانداق دۆلەت ئورگىنى ۋە دۆلەت خادىمىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ۋە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىق ھەرىكەتلىرى ئۈستىدىن مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا شىكايەت قىلىش، ئەرز قىلىش ياكى پاش قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق بەلگىلەنگەن. تەشكىلىي قانۇندىمۇ پۇقرالارنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى قوبۇل قىلىش خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ بىر ئاساسىي خىزمىتى ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى قوبۇل قىلىشى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئۇلارغا بەرگەن بىر ھوقۇقى. شۇنداقلا ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىشتىكى مۇھىم بىر مەزمۇن. خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ مەلۇم تەرەپلەردىكى ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ. شۇڭا، خەلق قۇ-

رولتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى كۈچەيتىش، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇش، قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ۋە نوپۇزىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇش كېرەك. مۇشۇنداق تونۇش بولغاندىلا، خەلق ئالدىدا مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن ئەرزىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتكىلى، قېلىپلاشتۇرغىلى، شۇ ئارقىلىق خىزمەتلەردە ساقلانغان يېتەرسىزلىك ۋە مەسىلىلەرنى تۈزىتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

2. مۇھىم نۇقتىنى توغرا تاللاپ، قوبۇل قىلىش دائىرىسى ۋە بېجىرىش ئۇسۇلىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، كونكرېت خىزمەت ئەمەلىيىتىدە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش لازىم. بىرىنچىدىن، قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇش؛ ئىككىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت نازارەتچىلىكى ۋە قانۇن نازارەتچىلىكى دائىرىسىگە كىرىدىغان بولۇش؛ ئۈچىنچىدىن، قوبۇل قىلغان ئەرزىيەت دېلولىرىنى بىۋاسىتە بىر تەرەپ قىلماي، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بېرىش ھەمدە بېجىرىش ئەھۋالىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك، ئەرز ماتېرىياللىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، تۈرلەرگە ئايرىپ ئارخىپ تۇرغۇزۇش كېرەك. ئادەتتىكى ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرگە قارىتا، قىزغىن كۈتۈۋېلىش، ئەستايىدىل بولۇش كېرەك. ئۇلارغا قارىتا ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش ۋە ئەقىلغە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەش لازىم. قانۇن - نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىنغانلىقى ئېنىق، ئۇزاققىچە ھەل بولماي كېلىۋاتقان، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان «قىيىن، قىزىق» نۇقتا مەسىلىلەرگە قارىتا ئۇنى جىددىي ۋە نۇقتىلىق ھالدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

3. خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئۆز تەۋەلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. خەلق ۋەكىللىرى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئاساسى. ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەر كەڭ خەلق ئاممىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، ئاساسىي قاتلاملاردىكى خەلق ۋەكىللىرىگە بولغان تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆز ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان چوڭ - چوڭ ئىشلاردىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ، دەل ۋاقتىدا ئىنكاس قىلالايدىغان، شۇ ئارقىلىق ئۇلارغا مەسىلىلەرنى بىخ ھالىتىدە بىر تەرەپ قىلالايدىغان شەرت - شارائىتنى يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئۇلارنى ئومۇمىيلىققا چېتىلىدىغان «قىيىن، قىزىق» نۇقتا مەسىلىلەرنى ئالدى بىلەن ئىنكاس قىلالايدىغان، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان، خەلق ئۈچۈن سۆزلىيەلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ مەسئۇلىيەت، بۇرچ تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈنمۇ پۇختا ئاساس ياراتقىلى، ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

4. مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئەرزىيەت دېلولىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش، مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. يالغۇز ئەرزىيەت تارماقلىرىغا تايىنىۋالماي، ھەر قايسى ئورۇنلارنى ئورتاق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇچۇر ۋە ئالاقە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئەرز دېلولىرىنىڭ ۋاقتىدا، توغرا بېجىرىلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم.

5. قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەرزىيەت خىزمىتى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ بىر مۇ-

ھەم خىزمىتى بولغاچقا، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم شەكىل ھېسابلىنىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ سىياسەتچانلىقى، قاراتمىلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك، چېتىشلىق دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇ، بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن مول ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىگە، قانۇن ـ سىياسەت بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئۆز قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالايدىغان يۇقىرى ساپالىق ئەرزىيەت قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

قىسقىسى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى بىر جىددىي ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىغا ئاساسەن، دادىل ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، نازارەتچىلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىش قاتارلىق خىزمەت ئۇسۇللىرىدىن پائال پايدىلىنىپ، خىزمەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇرىدىغانلا بولسا، ئەرزىيەت خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

(ئاپتور تۇرپان شەھەرلىك خ ق
دائىمىي كومىتېتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سىراجىددىن ئىسمائىل
تېلېفون 61208 ـ 4828065

# ئائىلە ئارخىپى بولۇش كېرەك

ئائىلە ئارخىپى دېگىنىمىز ساقلاش قىممىتىگە ئىگە ھەر خىل ئائىلە ماتېرىياللىرى بولۇپ، ئۇنى مەخسۇس ئارخىپقا سېلىپ مەركەزلەشتۈرۈپ ساقلىغاندا، بۇ نەرسىلەر جىددىي لازىم بولۇپ قالغان چاغلاردا ئاسانلىق تۇغۇلىدۇ. ئائىلە ئارخىپى ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى، ئىش ئورنى، ئوقۇش تارىخى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردا ئىشلىگەن ۋاقىتلىرى، تۈرلۈك مەزگىللەردە تولدۇرغان جەدۋەللىرىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرى، ئۇنۋان كىنىشكىلىرى، تىجارەتنامە، شەرەپ گۇۋاھنامىلىرى، تەقدىرنامىلەر، مۇكاپات بۇيۇملىرى، كادىر بولغان بولسا ئۆسكەن، چۈشكەن ۋاقىتلىرى، ئائىلە نەسەبنامىسى قاتارلىقلار.

2. نوپۇس دەپتىرى، كىملىك (سالاھىيەت كىنىشكىسى)، ئۆي ـ جاي گۇۋاھنامىسى (خېتى)، ئاشلىق ـ ماي بىلەن تەمىنلەش دەپتىرى، گاز ئالماشتۇرۇش دەپتىرى، ۋەسىيەتنامە، توي خېتى، ئائىلە ئەزالىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر يەنى، تۇغۇلغان، قوشۇلغان، ئالماشقان، ئازايغان (ئۆلگەن) لار، يىراق ـ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن دوست، يار ـ بۇرادەرلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرى، ئادرېسلىرى.

3. ئائىلىنىڭ پۇل ئامانەت چېكى، پۇل ئامانەت قويۇش كىنىشكىسى، زايوم، پايچېكى، قەرز بەرگەن، قەرز ئالغان ھۆججەتلەر، جىسمانىي سۇغۇرتا كىنىشكىسى، مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا كىنىشكىسى قاتارلىق قانۇندا بەلگىلەنگەن بارلىق باھالىق ھۆججەتلەر.

4. داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش دائىرىسىگە كىرىدىغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنۈش ـ داۋالىنىش كىنىشكىسى، ساقلىقنى ساقلاش كارتوچكىسى، سالامەتلىكىنى تەكشۈرتكەن دىئاگنوز قەغەزلىرى، جەدۋەللەر، كېسەل تارىخى، لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش قەغەزلىرى، پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر ھۆججەت، كىنىشكا قاتارلىقلار.

5. سۈرەت، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى قاتارلىقلار.

يۇقىرىقىلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ ئايرىم ـ ئايرىم ساقلاش، ئىمكانىيەت بولسا مەخسۇس ئىشكاپلارغا سېلىپ ساقلاش لازىم. مۇشۇنداق قىلساق زۆرۈر بولۇپ قالغاندا ئاسان تاپقىلى بولىدۇ.

(بۇ ماقالە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1995 ـ يىل 21 ـ ئىيۇل سانىدىن ھەم «دۇنيادىكى قىسما ـ قىسما ئىشلارنى بىلىۋېلىڭ» دېگەن كىتابتىن پايدىلىنىپ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ يېزىلدى)

ئىلياس تەييارلىغان

# ئەدلىيە دېموكراتىيىسىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى

سۇڭ يۈەنيۈەن

ئەدلىيە دېموكراتىيىسى ئىنسانلارنىڭ ئەدلىيە تەرتىپىدىكى ئۈزلۈكسىز بويان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئارزۇلىرىنىڭ بىرى. ئەدلىيىنىڭ توپىزى چوقۇم مۇئەييەن قانۇنىي پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشى كېرەك، خەلق هامان ئەڭ ئاخىرقى سوتچى يەنى سوت قىلغۇچىنىڭ سوتچىسى، بۇ ئەدلىيە دېموكراتىيىسىنىڭ ئەقەللىي تارىخىي قائىدىسىدۇر. مېنىڭچە دۆلىتىمىزنىڭ ئەدلىيە تەرتىپى يېتىلدىغان ياكى يوزلىنىدىغان ئەدلىيە دېموكراتىيىسى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك:

1. ئەدلىيە دېموكراتىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئالدى بىلەن تېنىئىي ئادەم، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ مۇستەقىل ھەم كەڭ بولغان ھوقۇقى ئالدىنقى شەرت قىلىنىشى كېرەك. ئەدلىيە دېموكراتىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئالدى بىلەن دەۋالاشقۇچىلارغا كەڭ دەۋا ھوقۇقى بېرىلىشى، تەرتىپ قانۇنلىرىدىكى دۆلەتنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسىگە خاتىمە بېرىلىشى، كونكرېت ئەدلىيە تەرتىپى داۋامىدا دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا ھوقۇقىنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقىنى چەكلىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كېرەك.

2. دېموكراتىيىنىڭ مۇھىم مەنىسى «جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ قاتنىشىشى» بولغىنىغا ئوخشاش، ئەدلىيە دېموكراتىيىسىمۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەدلىيىگە قاتنىشىشىنى ھەمدە «قاتنىشىش» ئارقىلىق ئەدلىيىنى چەكلەش مەقسىتىگە يېتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، زاسېداتېللىق تۈزۈمى ئەدلىيە دېموكراتىيىسىنىڭ تۆۋرۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ «خەلقنى ياكى ھېچ بولمىغاندا بىر قىسىم پۇقرالارنى سودىيىلىك ئورنىغا كۆتۈرسە بولىدۇ. بۇ ماھىيەتتە زاسېداتېللىق تۈزۈمىنىڭ جەمئىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى خەلققە ياكى بىر قىسىم پۇقرالارنىڭ قولىغا بەرگەنلىكى» بىر جەھەتتىن پۇقرالارغا بىر خىل «قاتنىشىش» تۇيغۇسى بېرىپ، «ھەر بىر پۇقراغا بىر خىل خوجايىنلىق ئورنىنى ئاتا قىلىپ، ھەممە كىشىگە ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرى ئالدىدا مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتكە قاتناشقانلىقىنى ھېس قىلدۇرغانلىق»؛ يەنە بىر جەھەتتىن زاسېداتېللىق تۈزۈمىمۇ پۇقرالارنىڭ سوت قىلىش جەريانىنى ئەمەلىي ئىگىلىشىنى بەلگىلىك ۋاستە بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن پۇقرالار بىلەن سودىيىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىش ھالىتى شەكىللىنىدۇ.

3. ئادۋوكاتلىق كەسپىنىڭ ئەركىن ۋە مۇستەقىل بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. ئادۋوكاتلىقتىن ئىبارەت ئەركىن كەسىپ تەشكىلاتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئەدلىيە دېموكراتىيىسىنىڭ يەنە بىر تۈۋرۈكى. قانۇننىڭ تارىخى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئادۋوكاتلىق كەسپىي قاتلىمى مەيدانغا كەلمىسە ئەدلىيە دېموكراتىيىسى ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. قانۇننىڭ قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئادۋوكاتلىق كەسپى ئەركىن بولۇشى كېرەك: بىرىنچىدىن، ئادۋوكاتلار ھېچنېمە بىلەن ھېسابلاشماي دەۋالاشقۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، شۇنداقلا ئادۋوكاتلار بىر قانۇن كەسپىي قاتلىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن دەۋالاشقۇچىلاردىن مۇستەقىل تۇرۇشى ھەمدە دەۋالاشقۇچىلار كۆزلىگەن مەنپەئەت بىلەن قانۇن كۆزلىگەن نورمال مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، هازىرقى زامان ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنىڭ
تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئادۋوكاتلارنىڭ كەسپىي بۆر-
چىنى ئۇلارنىڭ دەۋالاشقۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغ-
داش ئۈچۈن دېگەندىن كۆرە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ نا-
توغرا ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ياكى قانۇندا بەل-
گىلەنگەن شەكىللەر ئارقىلىق سودىيىلەرنىڭ مەلۇم
ھۆكۈمىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش
دېگەن تۈزۈك.

4 . ئەدلىيە ھوقۇقىنىڭ «بۆلۈنۈشى» ئاسا-
سىدا شەكىللەنگەن ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر ـ بى-
رىنى شەرت قىلىشى بولسا، ئەدلىيە دېموكراتىيىسى-
نىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق ئىپادى-
لىنىش شەكلى. قانۇنچىلىق تارىخى نۇقتىسىدىن قا-
رىغاندا، مەيلى دەسلەپكى شەرق جەمئىيىتى ياكى دەس-
لەپكى غەرب جەمئىيىتىدە بولسۇن، ئەدلىيە ھوقۇقى
بىلەن مەمۇرىي ھوقۇق ئايرىلمىغان. كېيىن جەمئى-
يەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئالدى بىلەن
ئەدلىيە ھوقۇقى بىلەن مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ بۆلۈنۈشى
كېلىپ چىققان، شۇندىن كېيىن رىمدا يەنە مەخسۇس
سوت كوللېگىيىسى ۋە «قانۇننى جان باقىدىغان كەسىپ
قىلغان» ئادۋوكاتلار مەيدانغا كەلگەن، يەنى «قانۇن
كەسپىي قاتلىمى» دا «بۆلۈنۈش» كېلىپ چىققان. 15 ـ
ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، ئەنگلىيىدە خانلىق ئۈچۈن مۇ-
لازىمەت قىلىدىغان بىر قىسىم ئادۋوكاتلارنىڭ نامى باش
تەپتىش دەپ ئۆزگەرتىلگەن، شۇنداقلا ئۇلار دۆلەتكە ۋا-
كالىتەن ئەيىبلەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن، شۇنىڭ
بىلەن ئەنئەنىۋى ئەدلىيە ھوقۇقى دەسلەپكى مەزگىلدى-
كى سوت كوللېگىيىسى يالغۇز ئىگىلەشتىن بىر قانچە
ئاپپارات ئورتاق بەھرىمەن بولۇشقا ئۆزگىرىپ، ئەدلىيە
ھوقۇقى «بۆلۈنۈش» كە باشلىغان. كىشىلەر ئەدلىيە
ھوقۇقىنىڭ «بۆلۈنۈشى» نىڭ «پايدىسى» نى ئومۇمـ
يۈزلۈك ھېس قىلىشقانلىقتىن، ئەدلىيە ھوقۇقىنىڭ
«بۆلۈنۈشى» ھازىر ھەر قايسى دۆلەتنىڭ ئەدلىيە دې-
موكراتىيىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىگە ئايلاندى،
ھەمدە ئەدلىيە ھوقۇقى ساھەسىدە مۇستەقىل ھەم
بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان سوت قىلىش تۈزۈمى،
ئەيىبلەش تۈزۈمى، تەھقىقلەش تۈزۈمى، كېسىم قى-
لىش تۈزۈمى بارلىققا كەلدى. بۇ خىل بۆلۈنۈش ئەد-
لىيىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى قوشۇمچە ھالدا يۇقىرى كۆ-
تۈردى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى ئەدلىيە
ھوقۇقى ساھەسىدە بىر خىل ئۆزئارا نازارەت قىلىش،
ھەم بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىش مېخانىزمىنى شە-
كىللەندۈرۈپ، دەسلەپكى جەمئىيەتتىكى ئەدلىيە ئىس-
تىبداتلىقى بىلەن مۇستەبىتلىككە خاتىمە بېرىلدى.

5 . «سوتچىلارغا سوتچى تەسىس قىلىش»
ھەم ئەدلىيە دېموكراتىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ھەم
ئەدلىيە دېموكراتىيىسىنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى. ئىن-
سانىيەتنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى ئىسپاتلىدىكى،
بارلىق ھوقۇقى بار كىشىلەر ھوقۇقىنى ئاسانلا قالاي-
مىقان ئىشلىتىدۇ. بۇ ئۆزۈندىن بۇيان ئۆزگەرمەي كې-
لىۋاتقان تەجرىبە. قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان
دۆلەتتە ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى-
نىڭ ھوقۇقىنى قالايمىقان يۈرگۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش ۋە جازالاش، ئەدلىيە ئادىللىقى ۋە ئەدلىيە دېموك-
راتىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «سوتچىلارغا
سوتچى تەسىس قىلىش» تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى.
شۇنداق قىلىپ ئەدلىيىدىكى خاتا بېجىرىلگەن دېلولارغا
قارىتا دۆلەت تۆلىمى بېرىش ھەققىدە ئالاقىدار ئەدلىيە
خادىملىرىنىڭ «خاتا بېجىرىلگەن دېلودىكى جاۋابكار-
لىقى» نى سۈرۈشتۈرۈش، «سوتچىلارغا سوتچى تەسىس
قىلىش» نىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ قالدى. دۆلىتى-
مىزدە ئەدلىيە ھوقۇقىنى چەكلەش ۋە ئەدلىيە دېموكرا-
تىيىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «سوتچىلارغا
سوتچى تەسىس قىلىش» تىن ئىبارەت نۆۋەتتىكى جىد-
دىي ئىشتا ئالاقىدار قانۇنلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش
كېرەك: بىرىنچىدىن، ئەدلىيىدىكى خاتا بېجىرىلگەن
دېلولارنى ئېتىراپ قىلىش ھوقۇقىنى دۆلەت ھاكىمى-
يەت ئورگانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ياكى ھېچ

بولمىغاندا دۆلەت هاكىمىيەت ئورگانلىرى ئەدلىيەدىكى
خاتا بېجىرىلگەن دېلولارنى ئېتىراپ قىلىش هوقۇقىدىن
بەهرىمەن بولۇشى لازىم. 1995 ـ يىلى يولغا قويۇلغان
«جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تۆلەم قانۇنى»
ۋە ئالاقىدار تەرتىپ قانۇنلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە
ئاساسلانغاندا، سوت ئورگانلىرى ئەدلىيەدىكى خاتا بې-
جىرىلگەن دېلولارنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر، بەزىدە
هەتتا هوقۇقىا دەخلى ـ تەرۇز قىلغان ئەسلىدىكى سوت
ئورگىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، بۇنداق ئۇسۇلنىڭ هېچقان-
داق پايدىسى يوق. بىز «هېچكىممۇ ئۆز ئەنزىسىنىڭ
سودىيىسى بولالمايدۇ» دېگەن قانۇن هەققىدىكى بىر
قەدىمي تەمسىلنى بىلىمىز، هازىرقى زاماندا ئۇ «ئۆ-
زىنى چەتكە ئېلىش تۈزۈمى» دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ مەق-
سىتى ئەدلىيە هەرىكىتىدىكى «يان بېسىش» قا قارشى
تۇرۇشتۇر. هەر قايسى دۆلەتلەر يۇقىرىقىدەك «يان بې-
سىش» كېلىپ چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن،
ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قاتار تۈزۈملەرنى تەسىس قىلدى،
يەنى سوتچىلارغا سوتچى تەسىس قىلدى. دۆلىتىمىز-
نىڭ «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» ۋە ئالاقىدار تەرتىپ قانۇنلى-
رىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەدلىيەدىكى خاتا بې-
جىرىلگەن دېلولارنى ئېتىراپ قىلىش ۋە تۆلەم مەسى-
لىسىدە «هېچكىممۇ ئۆز ئەنزىسىنىڭ سودىيىسى بو-
لالمايدۇ» دېگەن ئۇقۇمغا ئەمەل قىلىنماي، «ئۆز ـ ئۆ-
زىنى تەنقىد قىلىش» سىياسىتىگە رىئايە قىلىنىۋاتىدۇ
. شۇڭا، مېنىڭچە ئەدلىيەدىكى خاتا بېجىرىلگەن دې-
لولارنى ئېتىراپ قىلىش هوقۇقى دۆلەت هاكىمىيەت
ئورگانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلسە هەمدە دۆلەت هاكىمى-
يەت ئورگانلىرى سوتچىلارنىڭ سوتچىسى بولۇش سۈ-
پىتىدە، دۆلەت تۆلىمى بېرىلىدىغان ئەدلىيە خادىملى-
رىنىڭ خاتا بېجىرىلگەن دېلودىكى مەسئۇلىيىتىنى
ئېتىراپ قىلسا، بۇ دۆلەت هاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ
ئەدلىيە ئورگانلىرىنى نازارەت قىلىشىنى كۈچەيتى-
شىدە، ئەدلىيە دېموكراتىيىسىگە هەقىقىي كاپالەتلىك
قىلىشىدا مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئىككىن-
چىدىن، قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، خاتا
بېجىرىلگەن دېلولارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش
تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم. ئەدلىيەدىكى خاتا بېجى-
رىلگەن دېلولارغا دۆلەت تۆلىمى بېرىلگەندىن باشقا،
يەنە ئالاقىدار ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ خاتا بېجىرىلگەن
دېلودىكى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈشى كېرەك، بۇ
سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق پرىنسىپىنىڭ مۇقەررەر
تەلىپى. ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى
ئەدلىيە تەرتىپى داۋامىدا كېلىپ چىققان خاتا بېجىرىل-
گەن دېلولارنى خاتالىق بولسا تۈزىتىش پرىنسىپى بو-
يىچە، دېلونىڭ نەتىجىسى ياكى هەرىكەتنى تۈزەتكەندىن
سىرت، دېلونى بېجىرگۈچىنىڭمۇ دېلونى خاتا بېجى-
رىشتىكى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈشى كېرەك، بۇ
قانۇن ئالدىدا هەممە ئادەم باپباراۋەر بولۇش پرىنسىپى ۋە
قانۇنغا خىلاپ بولسا سۈرۈشتۈرۈش پرىنسىپىنىڭ
كونكرېت گەۋدىلىنىشىدۇر. 1988 ـ يىلدىن كېيىن
دۆلىتىمىزنىڭ بىر قىسىم ئەدلىيە ئورگانلىرى خاتا
بېجىرىلگەن دېلونىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش
تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشقا باشلىدى
هەمدە بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بىراق دۆلىتىمىزدە
نۆۋەتتە بۇ هەقتە بىرلىككە كەلگەن قانۇن تېخى چىقى-
رىلمىغانلىقتىن، خاتا بېجىرىلگەن دېلونىڭ جاۋابكار-
لىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە
بىر تۇتاش يولغا قويۇلۇشىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر
يېتىۋاتىدۇ. شۇڭا خاتا بېجىرىلگەن دېلونىڭ جاۋابكار-
لىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت
نۆۋەتتىكى جىددىي ئىشتا تېزدىن مۇناسىپ قانۇن تۈ-
زۈلۈشى كېرەك.

«قانۇنشۇناسلىق ئىلمى» ژۇرنىلىنىڭ
1999 ـ يىل 5 ـ سانىدىن
تۇردى ئىسمايىل تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇهەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 61203 ـ 4828065

30

# ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتتى

ئابلىمىت توختى



ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىگە قا-
رىتا خىزمەت نازارەتچىلىكى ۋە قانۇن نا-
زارەتچىلىكىنى يولغا قويۇش يەرلىك
خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائى-
مىي كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى-
يىتى ۋە دائىمىي خاراكتېر-
لىك مۇھىم ۋەزىپىسى.
سايباغ رايونلۇق خەلق قۇ-
رۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي
كومىتېتى ھۆكۈمەت،
ئىككى مەھكىمىنىڭ قا-
نۇننى قاتتىق ئىجرا قى-
لىش، ئەدلىيىدە ئادىل
بولۇشىنى نازارەت قىلىش
خىزمىتى جەريانىدا، بە-
لگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈردى.

**1. يىغىندىن پايدىلىنىپ خىزمەت ھوقۇقىمىزنى يۈرگۈزۈپ خىزمەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتتۇق**

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمە-
تىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى خىزمەت
ھوقۇقىنى كوللېكتىپ يۈرگۈزىدۇ. خەلق قۇرۇل-
تىيى يىغىنى، سانلىق يىغىن، مۇدىرلار يىغىنىنى
قانۇن بويىچە ئۆز قەرەلىدە ياخشى ئېچىش خىزمەت نا-
زارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكلى ۋە
يولى. بىز پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرى-
دىگەن ھالدا، پۈتۈن رايوننىڭ تەرەققىيات قۇرۇلۇشىدى-
كى چوڭ - چوڭ ئىشلارنى ۋە ئامما ھەل قىلىنىشىنى
جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى خىزمەت نازا-
رەتچىلىكىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قاتارىغا كىرگۈزۈپ،
ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرى-
نىڭ ئىلمىيلىشىش، دېموكراتىيىلىشى-
شىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. يىغىندىن
بۇرۇن ئەمەلىيەتنى چىقىش قى-
لىپ، يىغىن قارارلىرىنى
ياخشى بېكىتىپ، كۆزدىن
كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ
تەتقىق قىلىش قاتارلىق
تەييارلىق خىزمەتلىرى-
نى قانات يايدۇردۇق؛
يىغىن جەريانىدا خەلق
نىڭ پىكرىنى توپلاپ،
پىكىر، تەكلىپلەرنى
مەركەزلەشتۈردۇق؛
يىغىندىن كېيىن دې-
موكراتىيىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇپ، يى-
غىندا قاراپ چىقىلغان
پىكىرلەرنىڭ ئەمەلىي-
لىشىشىنى چىڭ تۇتتۇق.
يىل بېشى ۋە ئاخىرىدا سان-
لىق يىغىندا قاراپ چىقىل-
دىغان قارارلارنى ھۆكۈمەت،
ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت ئېھ-
تىياجى بويىچە باسقۇچ خاراكتېرلىك
نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، كۆزدىن
كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش مەزمۇنلىرىنى كۆپەيتىپ، نا-
زارەتچىلىك شەكلىنى ياخشىلىدۇق.

——پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى ۋە
باسقۇچ خاراكتېرلىك خىزمەتلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز رايون، مەھەللە ئىقتى-
سادى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ تە-
رەققىياتى، سودا خىزمىتى، مالىيە خىزمىتى، مال -
باھا خىزمىتى، تېخنىكا نازارەتچىلىكى، بازار قۇرۇ-
لۇشى، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىقتىسادىي

جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە قارىتا پىلانلىق هالدا كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمەلىيلىشىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلدۇق.

—رايون خاراكتېرلىك زور مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن هالدا رايوننىڭ ئىقتىسادىي پىلانى، مالىيىسى قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ ئىشلارغا قارىتا دائىمىي خاراكتېرلىك نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز سايباغ رايونىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىلەرگە قارىتا نازارەتچىلىك ھوقۇقىمىزنى پائال يۈرگۈزدۇق. رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى «رايونىمىزنىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى» نى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى ھەم بۇنى تەستىقلىدى. 1995 ـ ۋە 1997 ـ يىللىرى دائىمىي كومىتېت ئايرىم ـ ئايرىم هالدا رايوننىڭ 2 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ۋە 3 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە قاراپ چىقتى ھەمدە قارار چىقاردى. بۇ يىل مۇدىرلار يىغىنىدا 3 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە قارارىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى پىلانلىق هالدا ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، رايون خاراكتېرلىك بۇ مۇھىم خىزمەتكە بولغان ئىز قوغلاپ نازارەتچىلىك قىلىش كۈچەيتىلدى.

ياماللىق ئېغىنىنىڭ ناچار مۇھىتى ۋە قالاق قىياپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 1997 ـ يىلى 1 ـ ئايدا رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 ـ يىغىنى «ياماللىق ئېغىنىنى كۆكەرتىش، ئۆزگەرتىش، ئېچىش توغرىسىدىكى قارار» ۋە «سايباغ رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۈلگىلىك رايون قۇرۇلۇش پىلانى» ھەققىدىكى دوكلاتىنى تەستىقلاش توغرىسىدا قارار چىقاردى. ھۆكۈمەت بۇ قارارغا ئاساسەن ئۇزۇن يىللىق پىلان تۈزۈپ، كېرەكسىز سۇلارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن ياماللىق ئېغىنى كۆكەرتىشكە كېرەكلىك بولغان سۇ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى پىلانلاپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچنى قۇرۇلۇشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەرلىك قىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ نىشان جەمئىيەت ئىقتىسادى ۋە تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ياخشى خاراكتېرلىك ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىدىغان سىستېمىلىق قۇرۇلۇش بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە يولنىڭ سۈپەت قۇرۇلۇشى كۆزدىن كەچۈرۈپ، دوكلات ئاڭلاش، قاراپ چىقىش، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش تارماقلىرىنىڭ ئۇزاققىچە ئۆزگەرمەيدىغان بۇ مۇھىم خىزمەتنى چىڭ تۇتۇشقا نازارەتچىلىك قىلدۇق.

—ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن هالدا بىز ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش مۆھلىتى قاتارلىق جەھەتلەردە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھۆججەت چىقىرىپ، بۇ خىزمەتنى قېلىپلاشتۇردۇق. بۇنىڭ بىلەن رايون باشلىقى مەخسۇس لىنىيىلىك تېلېفونى تەسىس قىلىش، مەدەنىي بىخەتەر كىچىك رايون قۇرۇلۇشى، 3 ـ كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، باج مەنبەسىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ساقلاپ قېلىش، سايباغ رايونىدىكى باج تاپشۇرىدىغان چوڭ ئائىلىلەرنى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش، شەھەر رايونىدىكى قىسمەن ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق تەكلىپلەرنى ھۆكۈمەت تېزدىن تەدبىر قوللىنىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ روشەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىمەن ئەخلەت

مەيدانىنىڭ مۇھىت بولغىنىش مەسىلىسى، بىر قىسىم ئاققۇنلارنىڭ «پىلان قانۇنى» نى كۆزگە ئىلماي 3 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىدىن چىيەنتاڭجياڭ يولى ئۆتۈشمە كۆۋرۈكىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى، ساي يولىنىڭ غەربىي يۈزىگىچە بولغان ئارىلىقتا 18 ئائىلىلىكنىڭ ئۆز ئالدىغا بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا 2933.5 كۋادرات مېتىر دائىرىدە 57 ئېغىز ئۆي سېلىۋېلىش مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى رايونلۇق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھۆكۈمەتتىكى ئالاقىدار تارماقلارغا تەكلىپ، تەنقىد بەرگەندىن كېيىن، ھەر قايسى ھەر تەرەپلەرنى ئەستايىدىل نازارەت قىلىش ئارقىلىق ئاخىر بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلىندى.

ئامىنىڭ ئىنكاسى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان دېلولارنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇشتا ئىجرا قىلىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، ئىز قوغلاپ نازارەتچىلىك قىلىپ، ئىجرا خىزمىتىنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق.

**2. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللەپ، قانۇن نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇردۇق**

قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش قانۇن نازارەتچىلىكى خىزمىتىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم شەكلى. قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش، دۆلەت قانۇن، نىزاملىرىنىڭ توغرا، ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىز ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئەستايىدىل نازارەتچىلىكنى يولغا قويدۇق.

—پارتىيە سىياسەتلىرى ۋە دۆلەت قانۇنلىرىنىڭ توغرا، ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىزنىڭ قانۇن نازارەتچىلىكى خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم كۆرسەتمىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، بىز رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامى» نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ «100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش» كۆرشىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ھەمدە شەھەر، يېزا تۇتاشقان قىسىملار، كوچىمە نوپۇسلار مەركەزلەشكەن بۆلەكلەر ۋە ئەھۋالى مۇرەككەپ بولغان سورۇنلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دىنىي سورۇنلارغا ۋە دىنىي ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش تەكلىپىنى بەردۇق. ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە نازارەتچىلىكنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، مۇقىملىق خىزمىتىنى قەتئىي بوشاشتۇرمىدى. يېقىندا شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، قانۇنسىز قورال - ياراغ ئېلىپ - ساتقان ئىككى دىنىي سورۇن سايبۇلاق مەسچىتى بىلەن نيەنزىگو مەسچىتىدىكى تايانچ كۈچلەرگە قارىتا قاتتىق زەربە بېرىلىپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

—سىياسىي - قانۇن ئورۇنلىرىدىكى خادىملارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ۋە دېلو بېجىرىش سەۋىيىسىگە قارىتا مەخسۇس تېمىدىكى قانۇن نازارەتچىلىكىنى ئېلىپ باردۇق.

1998 - يىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىچكى ئىشلار ئەدلىيە كومىتېتىنىڭ «سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرىنىڭ سىياسىي - قانۇن قوشۇنىدا تەربىيە بېرىش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشقا ھېيدەكچىلىك قىلىش، قوللاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەدلىيە كادىر - ساقچىلىرىنى زىيارەت قىلىش، دېلولارنى تەكشۈرۈش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردىن پايدىلە

نىپ، سىياسىي ـ قانۇن قوشۇنلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ۋە ئىگىلەپ، نازارەتچىلىك قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي ـ قانۇن ئورگانلىرىنىڭ تەربىيە بېرىش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى جەريانىدا ئاشكارىلىنىپ قالغان قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپ دېلو بېجىرىش، قىيناپ سوراق قىلىپ قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش، شەخسىي غەرەز بىلەن كۆز بويامچىلىق قىلىش قاتارلىق قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلەرنى كەسكىن، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدۇق. رايونلۇق سىياسىي ـ قانۇن ئورگىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئاڭلىقلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلدى. سايباغ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى قانۇننى ئىجرا قىلىش جەريانىدا مايىللىق خاراكتېرى بولغان مەسىلىلەردىكى 129 دېلونى تۈزەتتى. بولۇپمۇ مەلۇم كادىر ـ ساقچىنىڭ جىنايەت گۇماندارىغا تەن جازاسى بېرىشتەك ۋەقەگە نىسبەتەن، كادىر ـ ساقچىلار چوڭ يىغىننى چاقىرىپ، مەسئۇل كىشى ۋە ئالاقىدار رەھبەرگە قاتتىق پارتىيە ئىنتىزامى ۋە سىياسىي ئىنتىزام جازاسى بەردى. سايباغ رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى 717 دېلونى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، دېلو سۈپىتى يۇقىرى بولمىغان، خەلق ئاممىسى خەت ئارقىلىق ئىنكاس قىلغان ئايرىم كادىر ـ ساقچىلارنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ نەقلەشتۈرگەندىن كېيىن، مەھكىمە بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىپ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ تەنقىد قىلدى. ئالتە نەپەر كادىر ـ ساقچى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سۆھبەتلىشىپ، ئەسكەرتىش بەردى ۋە ئىش ئورنىدا كۆتۈپ تۇرۇش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلدى، بىر دېلونى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ھەممىگە تەربىيە بېرىشتەك ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. سايباغ رايونلۇق سوت مەھكىمىسى دېلولارنى تەكشۈرۈپ باھالاش بەلگىلىمىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئالدى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى قايتىدىن قاراپ چىقىشقا ئەۋەتكەن ۋە خەلق قۇرۇلتىيى بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلغان ھەممىدە ئاممىنىڭ ئىنكاسى زور بولغان 237 پارچە دېلونى تەكشۈرۈپ باھالاپ، لاياقەتسىز دېلودىن سەككىزنى تەكشۈرۈپ چىقتى. شۇنداقلا 1997 ـ يىلى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرغان 6146 دېلونى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھالىدى. ئەمەلىي گەۋدە ۋە تەرتىپ جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ئۆزگەرتتى ۋە بىر تەرەپ قىلدى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى داۋاملىق قوبۇل قىلىش ئۈچۈن جامائەت خەۋپسىزلىكى، سوت، تەپتىش ئورگانلىرى يەنە رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ باھالاش تەكلىپىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئورنىدا ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى تۈزدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.

ـــدائىمىي كومىتېت ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن خادىملارنىڭ خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتلىرىنى باھالاش بىزنىڭ نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇشىمىزدىكى يەنە بىر مۇھىم تەدبىر، بىز «رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ سايلىغان، ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن خادىملارنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئەخلاقلىق بولۇش، قابىلىيەتلىك بولۇش، تىرىشچان بولۇش، نەتىجىسى بولۇشتىن ئىبارەت تۆت جەھەتتە خىزمىتىدىن دوكلات بەرگەن خادىملارنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار، بېكىتمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش ئەھۋالى، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش ئەھۋالىنى باھالاپ چىقتۇق. رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى يەنە رايون بويىچە مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 124 نەپەر كادىرنى «ئاساسىي قانۇن»، «تەشكىلىي قانۇن»، «ۋەكىللەر

قانۇنى» ، «ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى» نى ئاساس مەزمۇن قىلغان قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، جاۋاب بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى، كۆپچىلىكنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى، رولى، خاراكتېرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتتى.

بىز يەنە 20 دىن ئارتۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى ئىستىل باھالىغۇچى نازارەتچى خادىملىققا كۆرسىتىپ، مەمۇرىي تەپتىش، باج، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، مال ـ باھا، شەھەر قىياپىتى، مۇھىت تازىلىقى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى، سوت، تەپتىش قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئىستىل باھالاش خىزمىتىگە قاتناشتۇردۇق. بۇ، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن خادىملارنىڭ خىزمىتىنى باھالاش، نازارەت قىلىش ۋە پائال ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، بىز بىر قىسىم تەجرىبە ۋە تەسىراتلارنى توپلىدۇق. ئاساسلىقى:

1) پارتىيە رەھبەرلىكىدە باشتىن ـ ئاخىر ئىغىشماي چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى توغرا يۆنىلىش ئىكەنلىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردۇق.



2) پائال ئىزدىنىپ، نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلىدۇق.

3) ئىشتىن بۇرۇن نازارەتچىلىك قىلىش بىلەن ئىشتىن كېيىن نازارەتچىلىك قىلىشنى، يىغىن مەزگىلىدىكى نازارەتچىلىك قىلىش بىلەن كۈندىلىك نازارەتچىلىك قىلىشنى، قاتتىق نازارەتچىلىك قىلىش بىلەن قىزغىن قوللاشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈردۇق.

4) ئۆگىنىش، تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق.

خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز يەنە شۇنى تونۇپ يەتتۇقكى، نازارەتچىلىك خىزمىتىدە يەنە نۇرغۇنلىغان يېتەرسىزلىك تەرەپلەرنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچىدىن، خىزمەت دوكلاتلىرىغا قاراپ چىقىشتا مەسىلىلەرنى ئوبيېكتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىش يېتەرلىك ئەمەس؛ قىممىتى بار تەنقىد، تەكلىپلەر كۆپ ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، نازارەتچىلىك ۋاسىتىسى بىرلا خىل بولۇپ، سۈرۈشتۈرۈش، ئالاھىدە مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى ۋە نازارەتچىلىك ۋاسىتىسىنى قوللىنىش كۆپ ئەمەس؛ ئۈچىنچىدىن، بەزى چوڭقۇر قاتلاملارغا چېتىشلىق مەسىلىلەردە نازارەتچىلىك قىلغان ۋاقىتتا كۆپ خىل ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ ئۈنۈمى بولماسلىق قاتارلىقلار. بىز بۇندىن كېيىنكى خىزمەت جەريانىدا داۋاملىق ئىزدىنىپ، نازارەتچىلىك شەكلىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز.

(ئاپتور سايباغ رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: مىنىراجىددىن ئىسمائىل
تېلېفون: 4828065 ـ 61208

# دىنىي سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇشقا قانداق يېتەكلەش توغرىسىدىكى قاراشلىرىم

ئابدۇراخمان باقى

باش شۇجى جياڭ زېمىن 1993 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئېچىلغان «مەملىكەتلىك بىرلىكسەپ خىزمىتى يىغىنى» دا قىلغان سۆزىدە: «پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بولسۇن، دىنىي ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش بولسۇن ھەممىدە دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش مەقسەت قىلىنغان» دەپ كۆرسەتتى.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇھىم باسقۇچقا قەدەم قويماقتا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشمەكتە. دىن — كونا تۈزۈم بىلەن يېڭى تۈزۈم ئالمىشىۋاتقان، يېڭى تۈزۈم بىلەن كونا تۈزۈم ئۇچراشقان، ياخشى بىلەن يامان گىرەلىشىپ كەتكەن، پايدا ـ زىيان تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىپ، نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى پەيدا قىلماقتا.

بىز نەزەرىمىزنى ئىجتىمائىي رېئاللىققا ئاغدۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. لېكىن ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش شەكلى كۆپ خىللاشتى.

دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى ئېتىقاد قىلماسلىق پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىدىن باشقا شەخسلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ـ قىلماسلىقنى، قايسى دىنغا ۋە قايسى مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ـ قىلماسلىقنى، ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىكنى شۇ شەخسنىڭ ئۆزى بەلگىلەيدۇ ۋە ئەركىن تاللايدۇ. ئۇ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەرقانداق دىنىي پائالىيەت — بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت. مەملىكىتىمىزدە ھەرقانداق دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يۇقىرا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە مەنسۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولغان يۇقىرا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملار ۋە بەلگىلىمىلەرگە شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك. دىنىي سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش دېگەنلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى دىنىي، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى، دىنىي زاتلارنى، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ ھەم ئۇلارنى ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش دېگەنلىك. بىر ئادەمنىڭ شەخسىي ئېتىقاد مەسىلىسىگە باشقا بىر ئادەم ئارىلىشالمايدۇ، لېكىن دىنىي پائالىيەتكە كۆپ ساندىكى ئادەم قاتناشقانلىقى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا، بولۇپمۇ قەشقەر ۋىلايىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقى) ئۈچۈن دىن، دىنىي پائالىيەت چوقۇم ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار،

نىزاملار، بەلگىلىمىلەر يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت بىلەن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتنى قانۇن بويىچە قوغداپ، قانۇنسىز دىنىي پا- ئالىيەتنى قانۇن بويىچە چەكلەش، دىنىي جەھەتتە كۆ- رۈلگەن ئاز ساندىكى چېكىدىن ئاشقان دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ قانۇنسىز دىنىي قىلمىشلىرىغا قانۇن بو- يىچە قاتتىق جازا بەرگەندىن سىرت، دىنىي جەھەتتە كۆرۈلگەن كۆپ ساندىكى مەسىلىلەرنى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت قاتارىدا تەنقىد - تەربىيە ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش پرىن- سىپىنى قوللىنىش، قىسقىسى، دىنىي جەھەتتە كۆ- رۈلگەن بەزى مەسىلىلەرنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم- لىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن بىر تەرەپ قىلغاندىلا، ئاندىن يېڭى تارىخىي دەۋردە دىنىي جەھەتتە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى، يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى توقۇنۇشلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، جەمئىيەت مۇ- قىملىقىنى قوغداپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوت- سىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

دىن بىر خىل تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن ئۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلاشمىسا توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ - دە ، دىن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئۇزۇن مۇددەت مەۋ- جۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن دىن سوتسىيا- لىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشى زۆرۈر.

تارىخىي، رېئال، خەلقئارا ۋە ئىچكى جە- ھەتتىكى نۇرغۇنلىغان پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، دىننىڭ ئۆزى ناھايىتى كۈچلۈك لايىقلىشىشچانلىققا ئىگە. ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن 1400 يىلدىن ئارتۇق ۋا- قىتتىن بۇيان، ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت، ئوخ- شاش بولمىغان تۈزۈم، ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ئوخ- شاش بولمىغان دۆلەت تۈزۈمىدىكى زور ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان ھەم ھەر قايسى دۆلەت، جەمئىيەت ۋە تۈزۈملەرگە ماسلىشىپ، لايىق- لىشىپ، زامان - زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن . شۇڭا، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە پائال ماسلىشىشقا يېتەكلەش دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن دىنىي ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرۇشنى، خۇداگۇيلۇق ئى- دىيىسى ۋە دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. بەلكى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، سوتسى- يالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىش، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئىچكى - تاشقى بۆلگۈنچى كۈچ- لەرگە قارشى تۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىش ... تەلەپ قى- لىنىدۇ.

دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇي- غۇنلىششقا پائال يېتەكلەشنى قانداق چۈشىنىش كې- رەك؟

سوتسىيالىزم جەمئىيىتى — ئۆزىنىڭ ئۇ- زاق مۇددەتلىك تەرەققىياتى جەريانىدا، ئوخشاش بولمى- غان بەزى ئالاھىدە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. سوت- سىيالىزمنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىغا ئۇيغۇن كې- لىدىغان لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە قانۇن، نىزام ، بەلگىلىمىلىرى بولىدۇ.

«دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇي- غۇنلاشتۇرۇش» دېگەنلىك — «ھەرقانداق دىن، دىنىي پائالىيەتنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى قانۇن، نىزام، بەلگىلىمە، فاڭجېن، سىياسەتكە بويسۇنۇشى، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن، بەلگىلىمە يول

قويغان دائىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى كېرەك» دېگەنلىك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق دىنىي پائالىيەت سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ لوشىيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماسلىقى شەرت، دېگەنلىك.

دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇش دىننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىر چوڭ سىستېما، شۇڭا ئۇ ناھايىتى كۆپلىگەن تارماق سىستېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، دىن ئاشۇ كۆپلىگەن تارماق سىستېمىلار ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر سىستېما. چوڭ سىستېما ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر تارماق سىستېما، چوقۇم باشقا سىستېمىلار بىلەن ماسلاشتۇرۇلۇشى، ئەڭ ئاخىرىدا ھەرقانداق سىستېما پۈتكۈل چوڭ سىستېمىغا مۇقەررەر ھالدا ماسلىشىشى، لايىقلىشىشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن بۇ تارماق سىستېما مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىزم بۇ چوڭ سىستېما نورمال ھەرىكەت قىلىشقا، مۇقىملىق ئىچىدە تەرەققىي قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ، شۇڭلاشقا دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە پائال ماسلىشىشقا، لايىقلىشىشقا يېتەكلەش دىننىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ، سوتسىيالىزم ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئېلىمىزنىڭ دىن ئالاھىدىلىكى، دىننىڭ ھازىرقى ھالىتى، دىننىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېھتىمالى بولۇشتەك يوشۇرۇن كۈچى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەدبىر.

يولداش جياڭ زېمىن بۇ ھەقتە: «ئەگەر دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەلىسەك، ئۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ياخشى رول ئوينايدۇ، ئەگەر دىن مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىساق، دىن سىنىپىي دۈشمەنلەر ۋە خەلقئارا ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىشى مۇمكىن» دەپ كۆرسەتتى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ، ئاپتونوم رايونىمىزدا، جۈملىدىن قەشقەر ۋىلايىتىمىزدە مۇنداق ئەۋزەل شارائىتلىرى بار.

1. دىننىڭ بەش ئالاھىدىلىكى دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلىگەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى، جۈملىدىن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دىننىڭ ئاممىۋىلىقى دېگەندە، قەشقەر ۋىلايىتىمىزدە 3 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس بار. 3 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسنىڭ 90% يدىن كۆپرەك كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى ئوخشاشلا قوغداپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىشىمىزنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ۋىلايىتىمىزدىكى دىننىڭ مىللىيلىقى، خەلقئارالىقى، مۇرەككەپلىكى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكى ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ، دىننىڭ بۇ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى دىنىي ۋىلايىتىمىزدە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ماسلاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

2. دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ماسلاشتۇرۇشنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى بىلەن دىننىڭ ئەسلى مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بەلگىلىگەن.

ئېلىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇ-

رۇش تۈزۈمى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. شۇڭلاشقا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى بەرپا قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن.

دىن بىر خىل تارىخىي ھادىسە ۋە ئىجتىمائىي ھادىسە ياكى ئىجتىمائىي ئالاھىدە گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. دىننى ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق ئۇسۇل بىلەن يوقىتىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ— باشقا ئىدېئولوگىيە فورمىلىرىغا (ئەدەبىيات - سەنئەت، تارىخ، پەلسەپە... ) ئوخشاش سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمايدىكەنمىز، ئۇ ھالدا بىز ھەقىقىي ماركسىزمچى بولالمايمىز.

3. دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ماسلاشتۇرۇشنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى بەلگىلىگەن.

ماركسىزملىق پارتىيىنىڭ دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ماسلاشتۇرۇشى ماتېرىيالىستىك كومپارتىيىنىڭ دىننى تەشەببۇس قىلغانلىقى ياكى دىننى راۋاجلاندۇرغانلىقى ئەمەس ياكى دىنىنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش، ئۇسۇل بىلەن كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى ئوخشاشلا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارنى يېتەكلەپ، ئۇلارنى سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش ھەم سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى تەلىپىگە لايىقلىشىشقا پائال يېتەكلەشنى مەقسەت قىلغان.

4. دىننى سوتسىيالىزمغا لايىقلىشىشقا يېتەكلەش دىنغا مادارا قىلغانلىق، مېلىگە قويۇۋەتكەنلىك ئەمەس ھەم ھەممىنى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغانلىقمۇ ئەمەس. بەلكى، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملار، بەلگىلىمىلەر ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت.

قىسقىسى، دىنىنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن ھەم ئىجابىي رولىمۇ بار ھەم سەلبىي رولىمۇ بار. دىن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە لايىقلىشالىسا، ئىجابىي رول ئوينىغان بولىدۇ. ئەگەر دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يېتەكلىيەلمىسەك، ئىچكى - تاشقى بۆلگۈنچى كۈچلەر دىندىن ۋە بىر قىسىم دىنىي پائالىيەتلەردىن ئوڭايلا پايدىلىنىپ مالىمانچىلىق پەيدا قىلىدۇ - دە، دىن سوتسىيالىزم ئۈچۈن سەلبىي رول ئويناپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە يېتەكلەش جەريانىدا بىز بىر تەرەپتىن پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ھەم دىنىي ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، دىنىي مەسىلىدە كۆرۈلگەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشىمىز، ھەممىنى دوست - دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە پائال يېتەكلەش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

(ئاپتور قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى باشقارمىسىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 4828065 - 61208

# ۋۇدىگىيۇن روھىدىن ئۆگىنىپ، ئاق خالات روھىنى نۇرلاندۇرىمەن

**ــــ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، تەدبىرلىك دوختۇرخانا باشلىقى مەخمۇت قاسىم توغرىسىدا**

ساۋۇت تۇردى

پەيزاۋات ناھىيىلىك ۋە يېكشەنبەھەللە يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، يېزىلىق شىپاخانىسىنىڭ باشلىقى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، يېزا دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنى باشقۇرۇش بويىچە ئىلغار شەخس يولداش مەخمۇت قاسىم شىپاخانىدىكى دوختۇر، سېسترالارغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىپ، شىپاخانىنى ياخشى باشقۇرۇپ، شۇ جايدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. يېزىلىق شىپاخانا 1965 ـ يىلدىن بۇرۇن قۇرۇلغان، ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي، داۋالاش تېخنىكىسى تۆۋەن، شارائىتى ناچار، شىپاخانىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى بوش بولۇپ، «داش قازان» ئامىقى يېيىتتى.

يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ خىل «قالاق» ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ داۋالىنىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە سەھىيە ئىدارىسىگە دوكلات يېزىپ ئەستىقتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن 1995 ـ يىلى بۇ شىپاخانا ياش، قابىلىيەتلىك، پاراسەتلىك باشلامچىنى كۈتۈۋالدى. ئۇ بولسىمۇ كەسپكە پىششىق، چىۋەر باشلامچى، كومپارتىيە ئەزاسى مەخمۇت قاسىم ئىدى. مەخمۇت قاسىم شىپاخانا باشلىقلىقىنى زىممىسىگە ئالغاندىن بۇيان شىپاخانىنىڭ قىياپىتىدە زور ئىلگىرىلەش ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەننىڭ شىپاخانا خىزمىتىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ ئالدى بىلەن يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى رەھبەرلىرىگە شىپاخانا خىزمەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، ئۇلارنىڭ شىپاخانىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈش قىزغىنلىقىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە ۋە يېزىنىڭ ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىپ، 1993 ـ يىلى 794 كۋادرات مېتىرلىق كېسەلخانا ـ ئامبۇلاتورىيە سالدۇردى. يولداش مەخمۇت قاسىم يەنە پائال ئىزدىنىپ، جىددىي، خەتەرلىك كېسەللەرنى قۇتقۇزۇشقا كېرەكلىك دورا ۋە سايمانلارنى تولۇقلىدى.

رېنتگېن ئاپپاراتى، B چاۋ، ئېلېكتروكاردىئوگرامما، توك بىلەن داۋالاش ئەسۋابى، لابوراتورىيىلىك داۋالاش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىلغار زامانىۋى سايمانلارنى كىرگۈزۈپ، داۋالاش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. دوختۇرخانىنىڭ تۈرلۈك باشقۇرۇش، قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، سەھىيە ئىسلاھاتىنىڭ روھى بويىچە دوختۇرخانا باشقۇرۇش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈردى ھەمدە تىببىي خادىملارنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىنى قوزغايدىغان، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ نەپ ئالىدىغان، شىپاخانىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغان 42 تۈرلۈك تەدبىر تۈزۈپ، يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن تىببىي خادىملارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى، خىزمەت قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئۆرلەپ، ھەركىم ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىدىغان، ئۆز كەسپىنى، ئىش ئورنىنى قەدىرلەيدىغان، ئىستىلدا دۇرۇس بولغان، جانلىق، جۇشقۇن، ياخشى كەيپىيات بارلىققا كەلدى. ئۇ يەنە شىپاخانىدىكى پارتىيە، ئىتتىپاق ياچېيكىسى، ئاياللار تەشكىلاتى، ئامانلىق قوغداش ھەيئىتى، دورا باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى، كەسپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش گۇرۇپپىسى، داۋالاش ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش گۇرۇپپىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتى قاتارلىق تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ رولى ئارقىلىق شىپاخانىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى جانلىق، جۇشقۇن قانات يايدۇردى. شىپاخانا باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، شىپاخانىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى يىلمۇيىل ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. شىپاخانا بويىچە دىئاگنوزنىڭ توغرىلىق نىسبىتى % 90 كە يەتتى. يۇقىرىغا كېسەل يۆتكەش نىسبىتى % 10 ئەترا-

پەيدا تىزگىنلەندى. دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغان كېسەللەرنىڭ ساقىيىش نىسبىتى 85%، كارۋاتنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى 90% كە يەتتى. ئومۇمىي ئىقتىسادىي كىرىم ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25% لىك سۈرئەتتە ئاشتى. 1998 - يىلى يېزا بويىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقانلار 23 مىڭ كىشىدىن ئاشتى، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش خىراجىتى 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىدىن رازى بولۇش نىسبىتى 100% كە يېتىپ، بىرەرسىمۇ خىراجەتنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن نارازى بولمىدى. يېزىلىق خ ق ھەيئەت رەياستى ھەر قېتىملىق قۇرۇلتايدا ئاممىدىن دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش خىزمەتلىرى ئۈستىدە پىكىر ئالغاندا ۋەكىللەرنىڭ دوختۇرخانا خىزمىتىدىن رازى بولۇش نىسبىتى 100% كە يەتتى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا بۇ يىل بۇ يېزىنىڭ ھەممە كەنتلىرىدە تېببىي داۋالاش پونكىتلىرى قۇرۇلدى. كەنت دوختۇرلىرى 20 گە يەتتى. يېزا بويىچە ھەر بىر كەنتتە بىردىن كەسپىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تېببىي خادىم، زۆرۈر بولغان دورا - سايمانلار بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يولداش مەخمۇت قاسىم ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، دوختۇر، سېستىرالار ئارىسىدا يولداش ۋۇ دېگيۈندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «ۋۇ دېگيۈن مېنىڭ ئۈلگەم»، «ۋۇ دېگيۈندىن ئۆگىنىپ، ئاق خالات روھىنى نۇرلاندۇرىمىز» دېگەن تېمىلاردا تەسىرات سۆزلەش، تام گېزىتى چىقىرىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، كېسەللەرگە تېخىمۇ قىزغىن، مېھرىبان بولۇش ئارقىلىق دوختۇرخانا مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، داۋالاش شارائىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، جەمئىيەتتە ياخشى ئوبراز تىكلەپ، رىقابەت ئىچىدە ئىلگىرىلەپ، ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. يولداش مەخمۇت قاسىم شىپاخانىدىكى دوختۇر، سېستىرالارنى



ئاغرىقلارغا مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈشكە پائال سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇنىڭ باشلامچىلىقى ئارقىلىق يېزا بويىچە يېتىم - يېسىر، ئاجىز، مېيىپ ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە 18 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلغاندىن باشقا ئۇنىڭ باشلامچىلىقى ئارقىلىق يېزا بويىچە ھەر قايسى كەنت، مەھەللە، ئائىلىلەرگىچە بېرىپ سەييارە، ھەقسىز داۋالاش، تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇپ، يېزا بويىچە 18 مىڭ 100 كىشىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈپ، 54 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى دورا، ئوكۇلنى ئۇلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بەردى. بولتۇر ئەتىياز كىرىشى بىلەنلا ياز پەسلىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان ئۈچەي يوللىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى. يېزىدا توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان پارتكوم شۇجىسى، دوختۇرخانا باشلىقى مەسئۇللۇقىدا يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قوماندانلىق قىلىش ھەيئىتى قۇرۇپ، كەنتلەردە بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولىدىغان كىشىلەرگىچە گۇرۇپپىلارنى تەشكىللەپ، بۇ خىزمەتكە بولغان ھەقىقىي رەھبەرلىكنى قاتلاممۇ قاتلام تەشكىلىي ئاساسقا ئىگە قىلىپ ياخشى ئىشلەپ، سەھىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىنى 85% كە يەتكۈزدى. شۇڭا، بۇ شىپاخانا 1995 - يىلدىن ھازىرغىچە ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن يېزا دوختۇرخانىلىرى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» 1998 - يىلى ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن، ھەمكارلىشىپ داۋالاشنى يولغا قويۇش بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ كەلمەكتە.

يولداش مەخمۇت قاسىم 1996 - يىلدىن ھازىرغىچە يېزا دوختۇرخانىلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئۈلگىلىك شىپاخانا باشلىقى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئىلغار خىزمەتچى، ناھىيىلىك يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى.

(ئاپتور پەيزاۋات ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سىراجىدىن ئىسمايىل
تېلېفون: 61208 - 4828065

# ئۇنسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى

تۇرسۇن تۇر

ئۇنسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىـ
نىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
ناھىيىلىك پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق
ھۆكۈمىتىدىن ئاجرىتىلغان خادىملار ئۈچ گۇرۇپپىغا
بۆلۈنۈپ بۇلتۇر 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە
ناھىيىگە قاراشلىق سەككىز يېزا ـ بازارنىڭ 30 كەنـ
تىگە بېرىپ، يېزا ـ بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ
دوكلاتلىرىنى ئاڭلاش، دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن
سۆھبەتلىشىش، دېھقان، چارۋىچىلار ئائىلىلىرىنى
زىيارەت قىلىش، كەنت مالىيىسىنىڭ كىرىم ـ چىقىم
ئەھۋالىنى ۋە ھەق يىغىش ئەھۋالىنى ئايرىلاپ تەكشۈرۈش
ئارقىلىق، ئۇنسۇ ناھىيىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلار-
نىڭ ئىقتىسادىي كىرىم ئەھۋالى ۋە سېلىق ئەھۋالىنى
ئەتراپلىق ئىگىلىدى. تەكشۈرۈلگەن ئەھۋاللاردىن ئىگە-
گىلىنىشىچە، ئۇنسۇ ناھىيىسىدە يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتـ
لىرىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىـ
يى، پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ
ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە يېزا ئىگىلىكىگە دائىر
سىياسەت، قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرنى يېتەكچى قىلىپ،
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم
رايوننىڭ يېزا خىزمىتىگە ئالاقىدار سىياسەت، فاڭ-
جېنلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا
ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتىنى باشتىن ئاخىر ناھىيە،
يېزا دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت خىزمىتىدە مۇ-
ھىمنىڭ مۇھىمى سۈپىتىدە تۇتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ نا-
ھىيىدە يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، دېھقانلار سې-
لىقىنى يەڭگىللىتىش ۋە يېزىلاردىكى 2 ـ قېتىملىق
يەر ھۆددىگەرلىك مۇددىتىنى 30 يىلغا ئۇزارتىش خىز-
مىتىدە ئاساسىي ئىقىمنى ياخشى ئىگىلەپ، سىياسەت،
قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، ئەمە-
لىيلەشتۈرۈلۈشى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ،
يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە
كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئۇنسۇ نا-
ھىيىسىدە 1998 ـ يىلدىن باشلاپ «دېھقانلار سېلىقىنى
يەڭگىللىتىش» خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك قاتلام-
مۇقاتلام كۈچەيتىلىپ، نازارەتچىلىك سالمىقى زورايـ
تىلغان. ناھىيىلىك پارتكوم (1999) 46 ـ نومۇرلۇق
ھۆججەت ئارقىلىق ناھىيىدىن تارتىپ يېزا (بازار)،
مەيدانلارغىچە «دېھقانلار سېلىقىنى يەڭگىللىتىش»
رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەش، تولۇقلاشنى
يولغا قويغانلىقى ناھىيە، يېزا ۋە مەيدانلارنىڭ 1 ـ قول
رەھبەرلىرى «دېھقانلار سېلىقىنى يەڭگىللىتىش»
خىزمەتلىرىنى بىۋاسىتە تۇتقان.

**ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كو-**
**مىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھىيىلىك خەلق**
**ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئاساسىي**
**قاتلاملارغا بېرىپ دېھقانلارنىڭ سېلىق ئەھۋالىـ**
**نى قەرەللىك تەكشۈرگەن.**

دېھقانلار سېلىقىغا نازارەتچىلىك قىلىش ۋە
ئۇنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلگەن. ناھىيە بو-
يىچە دېھقانلار سېلىقىغا قارىتا تۈر بېكىتىپ، سوم-
مىسىغا چەك قويۇش، بىر بېكىتىپ ئۈچ يىلغىچە
ئۆزگەرتمەسلىك تەلىپى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈلگەن، گۇلئاۋات يېزىسى دېھقانلار سېلىقىغا دائىر
بەلگىلىمە چىقىرىپ بىرىنچىدىن، ھەق ئېلىشقا ئالا-
قىدار ھۆججەتلەر بويىچە قاتتىق ئېنىقلاپ، تۈرنى بې-
كىتىپ، سوممىسىغا چەك قويۇپ، ئۆلچەمدىن ئاشۇ-
رۇۋېتىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش؛ ئىككىنچىدىن،
ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى كۆپەيتىش ياكى ئازايتىشقا
توغرا كەلگەندە، يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇھاكىمە قى-
لىشىدىن ئۆتكۈزۈش؛ ئۈچىنچىدىن، كەنت قالدۇرۇقى،
يېزا جۇغلانمىسىنى كىرىم ـ چىقىم قىلغاندا، چوقۇم
يېزا باشلىقىنىڭ «بىر قەلەم» بىلەن تەستىقلىشىدىن

ئۆتكۈزۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويغان. ناھىيە، يېزا (بازار)، مەيدانلارنىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۇەننىڭ «بۇ يىل دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئومۇمىي سېلىق سوممىسىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 30 يۈەن ئازايتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى» بويىچە 1999 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئۈچ قالدۇرۇق بەش خىل جۇغلانما سوممىسىنى 1998 ـ يىلغا قارىغاندا كىشى بېشىغا 25.4 يۈەن، يېزا ئىگىلىك بېجىنى 1998 ـ يىلغا سېلىشتۇرۇپ كىشى بېشىغا 3.96 يۈەن، ئىككى تۈردە جەمئىي 29.36 يۈەن كېمەيتىپ، دېھقانلار سېلىقىنى باشقۇرۇش قەدەممۇقەدەم تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش يولىغا سېلىنغان. دېھقان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت ئەمگەك ۋە ئەمگەك جۇغلانمىسى ۋاقتىنى ئېنىق بەلگىلەپ، ئىككى خىل ئەمگەكتە، ئەمگەك كۈچى چىقىرىشنى ئاساس قىلىش، مەجبۇرىي ھالدا ئەمگەك ئورنىغا پۇل يىغماسلىق توغرىسىدىكى چارە بىر قەدەر ياخشى ئىجرا قىلىنغان. يېزىلاردا ئىجرا قىلىنىۋاتقان يېزا ھەمكارلىق داۋالاش ھەققى، چارۋا ھەمكارلىق داۋالاش ھەققى، چارۋا نەسلىلەندۇرۇش ھەققى، مولدۇرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققى، ھەمكارلىق كىنو كۆرۈش ھەققى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت ھەققى، يېزا نوپۇس كىنىشكىسىنى باشقۇرۇش ھەققى، پىلانلىق توغۇت كۆرسەتكۈچى ھەققى، توغۇت يېشىدىكى ئاياللارنى تەكشۈرۈش ھەققى، ئاقما نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق توغۇتىنى باشقۇرۇش ھەققى، ئاقما نوپۇسلارنى باشقۇرۇش كىنىشكىسى ھەققى، پىلانلىق توغۇت توختامنامىسى كاپالەت پۇلى، ئالاھىدە تەستىقلانغان توغۇت كۆرسەتكۈچى ھەققى، ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققى قاتارلىق ھەق ئېلىش تۈرلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىجرا قىلىنىپ، ناھىيە تەۋەسىدە دېھقانلاردىن قانۇنسىز مەبلەغ يىغىش ۋە ئۇلارغا سېلىق چېچىش قاتتىق چەكلەنگەن، خىلاپلىق قىلغانلارغا ۋاقتىدا چارە كۆرۈلگەن. مەسىلەن، گۈلئاۋات يېزا، مەھەللىئېرىق كەنت 4 ـ مەھەللە باشلىقى كامىل ئادىلنىڭ مەھەللىگە دېھقانچىلىق سايمانلىرى سېتىۋالىدىغان 6000 يۈەنگە خىيانەت قىلىش مەسىلىسى، شۇ كەنتنىڭ 3 ـ مەھەللە باشلىقى تۇراخۇن مەمەتنىڭ دېھقانلاردىن ئارتۇق يىغىۋالغان 1142 يۈەن پۇل توغرىسىدىكى مەسىلىلەر تەكشۈرۈلۈپ، خىيانەت قىلىش، ئارتۇق يىغىۋېلىش مەسىلىسىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلغان.

گۈلئاۋات يېزا چىگتۈمۈر كەنتى ئۆسمۈلۈك ئاسراش ھەققى يىغىشتا 1998 ـ يىلى دېھقانلاردىن ئارتۇق يىغىۋالغان 42 مىڭ 290 يۈەن پۇل بۇ يىل بېشىدا تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرى دېھقانلارغا قايتۇرۇلغان. جام يېزىلىق ئورمان مەيدانىدىن ئەمەت سېيىدىق دېھقانلاردىن يىغىپ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان 34 مىڭ يۈەنگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان.

**دېھقانلارنىڭ پىكرى بىر قەدەر كۆپ بولۇۋاتقان سۇ ھەققى ۋە توك پۇلى توغرىسىدىكى مەسىلىلەر تەكشۈرۈلۈپ، ئىككى تۈردە بەلگىلىمىدىن ئاشۇرۇپ ھەق ئېلىش ئاساسىي جەھەتتىن چەكلەنگەن.**

«ئۈچ قالايمىقان» ۋە ھەر خىل سېلىق ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلگەن. كەنت ـ مەھەللىلەردە كادىر كۆپ، ئىشتىن ئادەم جىق بولۇش سەۋەبىدىن دېھقانلارنىڭ يۈكى ئېغىر بولۇش ئەھۋاللىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ سانىنى ئىخچاملاپ، ئىلگىرىكى كەنتلەردە يەتتىدىن توققۇزغىچە كادىر بولۇشنى ئۈچتىن بەشكىچە تۆۋەنلىتىپ، كەنت دەرىجىلىك سېلىق ئازايتىلغان.

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ دېھقانلار سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇنىسۇ ناھىيىسىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دېھقان، چارۋىچىلار سېلىقىنى يەڭگىللىتىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن باشقا ساقلىنىۋاتقان يېتەرسىزلىكلەرنى يەكۈنلەپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى بەردى: دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش پارتىيىمىزنىڭ يېزىلارغا قاراتقان بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىتى، دېھقان، چارۋىچىلار سېلىقىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا،

دېھقان ، چارۋىچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە، يېزىلارنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى داۋاملىق كۈچەيتىش ۋە ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىدى.

بىرىنچى ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ (1996) 13 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى ، «گوۋۇيۈەننىڭ دېھقانلار ئۈستىگە ئالىدىغان خىراجەت ۋە ئەمگەكنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش نىزامى» نى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، يېزا، كەنت تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ مۇۋاپىق يۈك بىلەن نامۇۋاپىق يۈكلەرنى ئايرىش ئېڭىنى ۋە قانۇن بويىچە ئۈستىگە ئالىدىغان يۈكلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەر خىل يۈكلەرنى يىلمۇيىل ئازايتىشنى قولغا كەلتۈرۈش ، بىكار قىلىش ئېلان قىلىنغان تۈرلۈك ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ۋاقتىدا ئىگىلىشىگە تولۇق شارائىت يارىتىپ بېرىش.

ئىككىنچى ، «يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش» تەلىپى بويىچە 5% ئىچىدە تىزگىنلىنىدىغان خىراجەت ئۆلچىمىگە كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزىلاردا «ئۈچ قالايمىقان» نىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنى قاتتىق كونترول قىلىش.

ئۈچىنچى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان ھەر خىل مەنبەنى قەتئىي تۈسۈش ۋە بايرىقى روشەن ھالدا چەكلەش، دېھقانلار يۈكىنى چىقىشلىق بولغان ھەق يىغىش، مەبلەغ توپلاش، فوند يىغىش تۈرلىرىنى چوقۇم ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، يېزا (بازار) لىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ۋە ناھىيە، يېزىلارنىڭ دېھقانلار يۈكىنى يەڭگىللىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مۇزاكىرە ۋە قارارىدىن ئۆتكۈزۈش، قالايمىقان يوچۇق ئېچىپ دېھقان، چارۋىچىلار يۈكىنى يېنىكلىتىشكە زىت كېلىدىغان ئىشلارنى چەكلەش.

تۆتىنچى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى كۈندىلىك نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كارتىسىنى تۈزۈپ، قالدۇرۇقنى بىر تۇتاش ئەملەشتۈرۈشنىڭ خام چوت، نەق چوتنى تەستىقلاش ۋە مەخسۇس تۈر بويىچە مۇپەتتىش قىلىشقا دائىر ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈمنى يولغا قويۇش.

بەشىنچى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل ئاساسلىق مەمۇرىي رەھبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ۋە ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ ئىش تەقسىم قىلىپ ھەمكارلىشىپ نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش.

ئالتىنچى، «كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش، دېموكراتىك باشقۇرۇش» تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىشنى چىڭ تۇتۇش، كەنت ئىشلىرى ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ قېلىپلىشىشى، تۈزۈملىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە يېتەكچىلىك، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، تۈز تۈرغۇزۇشنى ياخشى تۇتۇپ، قۇرۇلۇش مەبلىغىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ سىجىل، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى توغرىسىدا ۋىلايەتلىك خ ق خىزمەتتى كومىتېتى بۆلتۈر 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ 21 ـ كۈنلىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى «دېھقان، چارۋىچىلار يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئەھۋالى» نى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دوكلات ئاڭلىغاندا، ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ دېھقانلار يۈكىنى يەڭگىللىتىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە ياخشى باھا بەردى.

(ئاپتورئونسۇ ناھىيىلىك خ ق
دائىمىي كومىتېتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت
تېلېفون: 61203 ـ 4828065

# سەمىمىي غەمخورلۇق، قىممەتلىك ئىلھام

ئابدۇرېھىم مەھەممەت ھاجى

1999 - يىلى 8 - نويابىر بورتالا شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ 3 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى، قازاق قىز يۇلتۇز مۇسا ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەمدىلا مەكتەپتىن قايتقان يۇلتۇز مۇسا ئانىسىغا بىر كۈنلۈك مەكتەپ ھاياتىنى دوكلات قىلغۇچ ئائىلە ئىشلىرىغا قاراشماقچى بولدى.

سائەت 6 ئەتراپىدا ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر باشچىلىقىدىكى ئالتە - يەتتە كىشى كىرىپ كەلدى.

— ياخشىمۇسىز، سىڭلىم نۇرگۈل - دېدى، مىجىت ناسىر قايغۇلۇق ھالەتتە ئۆي ئىگىسى بىلەن كۆرۈشۈپ.

— ياخشى، يوقلاپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت، مىجىت ئاغا - دېدى، نۇرگۈل ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ، (نۇرگۈلنىڭ يولدىشى موسا جېيىنباي جىڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولۇپ، 1998 - يىلى 22 - فېۋرال يۈرەك كېسىلى بىلەن 37 يېشىدا قازا قىلغان، بۇ ئىشتىن مىجىت ناسىر خەۋەردار ئىدى)

مىجىت ناسىر بۇ خىل قايغۇلۇق كەيپىياتنىڭ ئۇزۇن داۋاملاشماسلىقى ئۈچۈن بۇ ئائىلىدىكى بىردىنبىر پەرزەنت يۇلتۇزنى ئىزدەپ ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىردى.

بىرگە كەلگەنلەرنىڭ دىققىتى مىجىت ناسىردا ئىدى. مىجىت ناسىر ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن قىزچاقنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ، ئۇنى مېھمانلار يېنىغا باشلاپ چىقتى ھەمدە ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، قىزنىڭ ئوقۇش ۋە باشقا جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى ئەتراپلىق سورىدى.

— يولداش مۇسا - دېدى، مىجىت ئاكا ئەھۋال تونۇشتۇرغاچ كۆپچىلىككە قاراپ - ياش، ئىقتىدارلىق، پاك - دىيانەتلىك، ئامما رازى بولغان رەھبەر ئىدى، جەمئىيەتتە يۇقىرى ئابرۇيغا، ھۆرمەتكە سازاۋەر، خىزمەتتە ئەستايىدىل، سەمىمىي ئىدى، ئايالى نۇرگۈل ئۇنىڭ ياخشى بىر قوللىغۇچىسى، ئەمما مۇسا ئارىمىزدىن كەتتى، شۇڭا قىزى يۇلتۇزغا ھەممىمىز كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، مەدەت بېرىشىمىز زۆرۈر.

مۇئاۋىن مۇدىر مىجىت ناسىر ئاكا ئوبلاستىمىزغا مائارىپ خىزمىتى، مائارىپ قانۇنى ۋە توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنىڭ ئىزچىللىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن كەلگەن بولۇپ، ۋاقتى تولىمۇ قىس ئىدى. ئۇ 8 - نويابىر ئورۇنلاشتۇرۇلغان كەچلىك تاماقتىمۇ قارىماي يۇلتۇزغا خاتىرە - دەپتەر، قەلەم، سومكا ۋە بالىلار يېمەكلىكى قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تەييارلىدى.

بىر نەچچە ئادەمنى باشلاپ ماڭغان مىجىت ناسىر ئاكا ماشىنا ئىچىدە مۇنداق دېدى - بىر كىچىك ئۆسمۈر بىلەن دوست بولۇش، شۇ ئۆسمۈرگە نىسبەتەن زور مەدەت بەرگەنلىك.

40 مىنۇتقا بارمىغان كۆرۈشۈش جەريانىدا مىجىت ناسىر ئاكا قىزغا تەييارلىغان سوۋغىلارنى بەرگەندىن كېيىن، خاتىرىنىڭ باش بېتىگە قىزغا بولغان ئۈمىد، تەلەپلىرى، كۆيۈنۈش ئىستەكلىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن مۇنداق دەپ يازدى:

ئوماق قىزىم يۇلتۇز مۇسا:

سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىزنىڭ خەلققە سادىق، جەمئىيەتتە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە، ئىشتا ئەستايىدىل، ئادىل، مۇناسىۋەتتە سەمىمىي، كەمتەر، ئاقكۆڭۈل بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان روھ بىلەن ئۆگىنىپ، ئىشلەپ كەلگۈسىدە ياراملىق كىشىلەردىن بولۇپ، ئاتا - ئانىڭىز، خەلقىڭىز، يۇرتىڭىزغا شان - شەرەپ كەلتۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، كېلەچەكتىكى گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىز ئەمەلگە

ئاشسۇن.

سىزنى ئۆز ئاتىڭىزدەك مەڭگۇ قەدىرلەپ، سىزگە كۆيۈنگۈچى يىراقتىكى ئەمما كۆڭۈلدىكى ئەڭ يېقىن كىشىڭىز ـ ئاتىڭىز

مىجىت ناسىردىن

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

مىجىت ناسىر خاتىرىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، بورتالا ئوبلاستى ۋە بورتالا شەھىرىدىن ئۇزىگە ھەمراھ بولۇپ بارغۇچى يولداشلارغا:

— مەن كۆپ ھاللاردا ئالدىراش بولۇپ قالىمەن، يۇلتۇزغا نىسبەتەن سىلەرنىڭ ئارىلىقىڭلار يېقىن ھەم قولايلىق، يۇلتۇزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھەر تەرەپلىرىدە ساغلام يېتىلىشىگە سىلەرمۇ ئىگە بولىسىلەر، شۇڭا ئىمزا قويۇپ بېرىڭلار، ـ دېدى سەممىي ئەمما قەتئىي تەلەپپۇزدا.

بىرگە كەلگەنلەر توغرا، راست شۇنداق قىلىمىز دېيىشىپ، ئۆز ئىسىملىرىنى خاتىرىگە قويدۇردى.

مىجىت بوۋىسىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرگەن يۇلتۇز مۇسا يەنە بىر قېتىم ئاتىلىق مېھرىدىن مەغرۇرلاندى.

خوشلىشىش ئالدىدا يولداش مىجىت ناسىر ئۆزىنىڭ ئىسىم كارتىسىنى چىقىرىپ، قىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى، ئوقۇش نەتىجىسىنى دوكلات قىلىپ تۇرۇشنى ئالاھىدە تاپىلىدى. ئاخىردا قىزنىڭ پېشانىسىگە يەنە بىر قېتىم ئاتىلىق مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويۇپ بۇ ئائىلە بىلەن خوشلاشتى.

بىر رەھبەرنىڭ مۇشۇنداق ئەمەلىي ھەرىكىتى بىزگە ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە كۆيۈنۈشنىڭ، مەدەت، ئىلھام بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە بىر خىل مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. مەيلى ئۇ نامرات ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولسۇن ياكى دىيانەتلىك بىر ئەمەلدارنىڭ يالغۇز قىزى بولسۇن ۋە ياكى ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم باللار بولسۇن، ئۇلارغا كۆيۈنۈش، ئېتىبار بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇلاردا ئىشەنچ، ئۈمىدۋارلىق كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ، مۇشكۈل رېئاللىق ئىچىدىمۇ ئىزدىنىدىغان بولىدۇ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى بىر مەسىلە دەپ قارىمايدىغان بولىدۇ. ئۇلار جەمئىيەت، كىشىلەر بىلەن بىرلىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل مەسىلىلىرى جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل مەسىلىلىرى بىلەن باغلىنىشلىقتۇ؟

دېمەك، ۋاقىت چىقىرىپ باللارغا كۆيۈنۈش، ئۇلار بىلەن سىردىشىش ـ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ...

باللارنىڭ ئىچكى ئېھتىياجى مانا شۇ خىل دوستلۇققا مۇھتاج ئەلۋەتتە.

مەسئۇل مۇھەررىر:
تاھىر ماموت
تېلېفون: 61203 ـ 4828065

## دانىشمەنلەر نەسىھىتى

ئوچۇق ـ يورۇق، شېرىن سۆزلۈك بولۇش، قەھرى ـ غەزەپنى تەرك ئېتىش، ۋۇجۇدىڭىزدا بولمىغان سۈپەت، خىسلەت بىلەن ماختىغان خوشامەتچى، مۇناپىق (يالغانچى) ئادەمنىڭ سۆزىگە ئالدانماڭ، مەنمەنلىك قىلماڭ، ئۆزىڭىزنى باشقىلاردىن يۇقىرى تۇتماڭ، توغرا سۆزلەڭ، توغرا ئىشلەڭ، ئاچكۆزلۈك، تەمەخورلۇق، چوڭچىلىقتىن يىراق بولۇڭ.

ئىلياس تەييارلىغان



## ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 - يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز خەۋىرىمىز : 4 يېرىم كۈن داۋاملاشقان ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 - يىغىنى 1999 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچىدە ئاياغلاشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خەلچەم ئىسلام يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن شۈپېڭ، جاڭ خېڭ، مىجىت ناسىر، قادىر جانابىل، خوجىخان ھاكىموۋ، سۇلايمان، ماجيېنگو ۋە باش كاتىپ مۇھەممەت ئىسمايىل يىغىنغا قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخىپ قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈزچىلىقنى باشقۇرۇش نىزامى»؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خەلق ساقچىلىرىنىڭ چارلاش نىزامى» نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدا ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ماقۇللاندى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۇڭ خۇييىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى سىرتتىن قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەر قايسى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ، ھەر قايسى ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتى كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

## «جىددىي پەيتتىكى قېرىنداشلارچە ياردەم»

بۇلتۇر 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، كۈندىلىك ئادىتى بويىچە خىزمەتتىن چۈشۈپ، ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتقان قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ئەركىن تالىپ ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، يول بويىغا قاتار سېلىنغان دۇكانلار ئارىسىدىكى مەلۇم بىر دۇكاننىڭ ئىشىك - دېرىزە يوچۇقلىرىدىن قويۇق ئىس چىقىۋاتقانلىقىنى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇ يەرگە توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، قەدىمىنى توختىتىپ، كىشىلەر ئارىسىغا سىغدىلىپ، ئۇلاردىن : - بۇ ئىس چىقىۋاتقان ئۆينىڭ ئەسلىدە بىر خەنزۇنىڭ يېقىندىن تىجارەت باشلىغان قورۇق يۇيۇش دۇكىنى ئىكەنلىكىنى، دۇكان ئىگىسى بىر كۈنلۈك تىجارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەتكەنلىكتىن، كىشىلەر ئىشىك قۇلۇپىنى بۇزۇپ دۇكان ئىچىدىكى مال - مۈلۈكلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى ئۇقىدۇ. ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي بولۇپ، ئەگەر تېزدىن قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللانمىغاندا دۇكان ئىچىدىكى 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن مال - مۈلۈك كۆيۈپ كەتكەندىن سىرت، ئوت ئۇلغىيىپ كەتسە، دۇكان ۋە ئائىلىلەرگىمۇ تەھدىت سېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەتراپتىكى ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىشىك قۇلۇپىنى چېقىپ، دۇكان ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىدۇ. كۆيگەن ياغاچنىڭ ئاچچىق ۋە قويۇق ئىسى كۆزنى ئېچىشتۇرۇپ، نەپەسنى سىقاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دۇكان ئىچىنى ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق، بۇ ئىس - تۈتەكلەرنىڭ ئەسلىدە دۇكان ئىگىسى ياغاچ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويغان توك دەزمىلىنىڭ توكنىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن ئۈستەلنى كۆيدۈرگەنلىكىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئۇقۇپ، دەرھال بېرىپ دەزمالنىڭ سىمىنى توك مەنبەسىدىن ئاجرىتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق زور ئوت ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىشى توسۇپ قېلىنىدۇ.

ئادىل مەتنىياز

## توققۇزتارا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى كومىتېت ئەزالىرى يىغىنىنى قاتتىق تۇتتى

. بۇ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى توققۇزتارا ناھىيىلىك 13 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ يىغىنىدا، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان شۇ نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتنىڭ 17 ئەزاسىنىڭ ئۇن قېتىملىق يىغىنغا قاتنىشىش ئەھۋالىدىن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ يىغىنغا سەۋەبسىز قاتناشمىغانلارنى تەنقىدلىدى.

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەزالارنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنلارغا ۋاقتىدا، تولۇق قاتنىشىشىنى خەلققە ۋەكىللىك قىلىپ ئۆز روللىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ناھىيىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى قاراپ چىقىش، قانۇنلارنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىنى تەكشۈرۈش، مەمۇرىيەتكە ئارىلىشىپ، مەمۇرىي ئىشلار توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قاراپ، «توققۇزتارا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالار يىغىنى ۋە مۇدىرلار يىغىنى تۈزۈمى» نى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈردى، يىغىنغا سەۋەبسىز كەلمىگەن ئەزالارنىڭ نامىنى ئاتاپ، ئومۇمىي ئېلان چىقىرىپ تەنقىد قىلدى.

بۇ دائىمىي كومىتېت يەنە ئۈچ دەرىجىلىك ۋەكىللەرنى ناھىيىنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قوغداش ئەھۋالى، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش ئەھۋالى ۋە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ھەم دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈشكە تەشكىللەپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەخسۇس تېما بويىچە دوكلات ئاڭلاش، سوراش، تەكشۈرۈش، مۇلاھىزە شەكلى بويىچە كۆزدىن كەچۈردى. كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا ۋەكىللەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۈچ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئىگىلىدى. ئۇندىن باشقا، كەنت، گۇرۇپپا، مەكتەپ، بازار ۋە ئائىلىلەرگىچە بېرىپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئالدى، ساقلانغان مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىجابىي پىكىرلەرنى بەردى.

قۇربانجان، لەن چىشياڭ

※ ※ ※ ※ ※

## چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى باھالاش خىزمىتىدە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 1996 ـ يىلدىن بۇيان، ھەر يىلى شۇ يىللىق خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تۈزگەندە يىلىغا بىر ـ دىن ـ ئىككىگىچە ئورۇننىڭ خىزمىتىنى باھالاشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا كىرگۈزۈپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ خىزمىتىنى باھالاشنى يىلمۇيىل ئۈزلۈكسىز تۇتقانلىقتىن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت نازارەتچىلىكى ۋە قانۇن نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشتا ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئۆتكەن بىر قانچە يىلدىن بۇيان قانات يايدۇرۇلغان باھالاش خىزمىتى باھالاشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن پارتكومنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئېلىپ بېرىلغان ھەم باھالىماقچى بولغان ئورۇننىڭ خىزمەت دائىرىسى، ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتىگە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزام ۋە بەلگىلىمىلەر ئۆگىنىلىپ، باھالاشقا قاتناشقان ۋەكىللەر ۋە ئالاقىدار خادىملارنىڭ تونۇشى ئۆستۈرۈلۈپ، باھالاشنىڭ مەزمۇنى، ئۇسۇلى، ۋاقتى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، بۇ خىل نازارەتچىلىك شەكلى ئارقىلىق باھالانغۇچىلارنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجىلىرىمۇ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا كۆرسىتىپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى خىزمەتلەر جەريانىدا نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىشنى قانۇن بويىچە بېجىرىپ، تۈرلۈك خىزمەت ۋە يىغىنلىرىنى تىرىشىپ ئورۇنداپ،

شۇ ئورۇننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا نىسبەتەن بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچى بولغان.

يىللاردىن بۇيان، چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنى باھالاش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى يىغىنچاقلىغاندا:

(1) ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى قوللاش ئېڭى كۈچەيگەن.

(2) باھالانغۇچى خادىملارنىڭ ئىدىيە، ئىستىل ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالى بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىگىلىنىپ، كادىرلار ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئىشقا ئاشقان.

(3) كادىرلارنىڭ «ئۆچكە ئەھمىيەت بېرىش» ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي، نەزەرىيە ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىگە تۈرتكە بولغان.

(4) كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆز كەسپىي خىزمەتلىرىنى نۆۋەتتىكى ئىسلاھات تەلىپى ۋە «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى ئۈچۈن تۈرتكە بولغان.

(5) باھالانغۇچى ئورۇندىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى، كەسپچانلىقى، ئىنتىزام قارىشى ۋە نۆۋەتتىكى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشىگە نىسبەتەن زور تۈرتكە بولغان.

(6) باھالاش شەكلى ئارقىلىق دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت نازارەتچىلىكى ۋە قانۇن نازارەتچىلىكى كۈچەيتىلگەن. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، رولى جەمئىيەتكە تونۇتۇلغان، جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتى تىكلىنىپ «خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئىككىنچى سەپ خىزمىتى» دېيدىغان قاراشلارغا ئەمەلىيەت ئارقىلىق رەددىيە بېرىلگەن.

(7) ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ئالاقىدار ئورۇنلار باھالانغۇچى كادىرلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئۇتۇقلىرى، يېتەرسىزلىكلىرى توغرىسىدا ياخشى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن.

(8) خ ق دائىمىي كومىتېتى بىلەن ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت راۋانلاشتۇرۇلۇپ، بىر - بىرىنى قوللاش، بىر - بىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر - بىرىنى چۈشىنىش ۋە ئىشىنىش ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

(9) باھالانغۇچىلارنىڭ نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ ۋە ھەل قىلىپ، رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىشىغا تۈرتكە بولغان.

(10) باھالانغۇچى رەھبىرىي كادىر ۋە شۇ ئورۇننىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

(11) باھالانغۇچى ئورۇننىڭ تۈرلۈك مالىيە، ھېسابات باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قالايمىقان چىقىم قىلىش ۋە يەپ - ئىچىش شامىلىنى تۈسۈشتا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان.

(12) تۈرلۈك ھەق بەلگىلىمە بويىچە ئېلىنىپ، ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ قالايمىقان ھەق ئېلىش شامىلىنى تۈسۈشتا باھالاش خىزمىتى چەكلەش رولىنى ئوينىغان.

مەتقۇربان ھوشۇر

※ ※ ※ ※ ※

## تېرىم يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى

پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ تېرىم يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھەيئەت رىياسەتى قارىمىقىدىكى سەككىز فۇنكسىيىلىك ئورگان خادىملىرى ۋە ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرىنى يېتەكلەپ، جاپالىق ئىزدىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقتى. يېزا ئورگىنىدىكى سەككىز فۇنكسىيىلىك ئورۇن مەسئۇللىرى يېزا بويىچە بىردىن كەنتنى، باشقا

خاسىلار بىردىن مەھەللىنى ئالاقىلىشىش نۇقتىسى قىلىپ تۇتۇپ ئىشلەپ، بۇ ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي قەدىمىنى تېزلىتىش، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، پىلانلىق تۇغۇت، نامراتلارغا ياردەم بېرىش، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش قاتارلىق خىزمەتلىرىگە ئەمەلىي ياردەم بەردى. يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، خ ق ھەيئەت رىياسەتچىلىرىدىكى كادىرلار نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇلارنى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەپ، نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ھەمدە ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، پىكىرلىرىنىڭ شۇ جايدا ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىكلىرىنى شۇ جايدا ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ پارتىيىنىڭ سىياسىتىنىڭ توغرۇلۇقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزدى.

يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچىلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇقلارنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، يېزىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتتى. ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىغۇچىلار ئارىسىدا ئاپتونوم رايوننىڭ «يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت نىزامى» نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىكتىن سايلىغۇچىلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان تونۇشى زور دەرىجىدە ئۆستى. 1998 ـ يىلى ۋەكىللەر دوختۇرخانا، ساقچىخانىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدە پىكىر، تەكلىپ بېرىپ، بۇ ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇلار 1999 ـ يىلى خىزمەتتە نەتىجە يارىتىپ، ئاممىنى رازى قىلىپ ئىلغار ئورۇنلاردىن بولۇپ قالدى.

بۇ يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچىلىرى 1997 ـ يىلدىن ھازىرغىچە يېرىم يىلدا بىر قېتىم ۋەكىللەرنىڭ ئالاقىلىشىش يىغىنىنى ئېچىپ، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

ساۋۇت تۇردى

## قاراقاش ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 1999 ـ يىللىق پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى

قاراقاش ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بۇلتۇر 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسى، تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، باھا ئىدارىسى، مەمۇرىي تەپتىش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى، يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچىلىرىنىڭ رەئىسلىرىنى، ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 53 كىشىنى تەشكىللەپ، ناھىيىنىڭ 1999 ـ يىللىق پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلغانلىقتىن، 1999 ـ يىللىق پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتى بىخەتەر، نورمال ئىشلەندى.

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك قىلىشى ۋە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ماسلىشىشى ئارقىلىق 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە سېتىۋېلىنغان چىگىتلىك پاختا 20 مىليون 786 مىڭ 3 كىلوگىرام بولۇپ، يىللىق پاختا سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ % 4 .80 پىرسەنتى ئورۇندىلىپ بولغان.

بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دۆلەت، شىركەت، شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقى سەۋەبىدىن ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىر تەرەپ قىلغان پاختا 11 مىڭ كىلوگىرام، بۇنىڭدىن تەنقىد ـ تەربىيە بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغىنى 6000 كىلوگىرام، جەرىمانە ئېلىپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 5000 كىلوگىرام، ئېلىنغان جەرىمانە ئومۇمىي سوممىسى 1390 يۈەن بولغان.

قاراقاش ناھىيىلىك دائىمىي كومىتېتى، پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىدىكى نازارەتچىلىكتە، دۆلەت، شىركەت ۋە پاختىكارلارنىڭ مەنپەئىتىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، باھا ۋە سورتنى بېسىپ دېھقانلارغا زىيان سالىدىغان ۋە باشقا ناتوغرا ئىستىللارغا نەق مەيداندا ئۈنۈملۈك قارشى تۇرغانلىقتىن، بۇ يىللىق پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى ئىلگىرىكى يىلدىكىدىن ياخشى بولدى.

ئابدۇخالىق ئىسمايىل، مەھەممەت توختى

50

## گۇما ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مائارىپنى قوللىدى

گۇما ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىرى «مائارىپ قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، مائارىپقا، ئوقۇتقۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ ناھىيىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك خىزمىتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. ئۇلار قەرەللىك يىغىن ئېچىپ، «مائارىپ قانۇنى»، «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» ۋە «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» نىڭ تەشۋىق قىلىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى. ئىلغارلارنى تەقدىرلەپ، كېيىن قالغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈردى. يېزا ـ بازارلارغا بېرىپ «ئۈچ قانۇن» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى. بۇنىڭ بىلەن ھەممە جايدا مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات شەكىللەندى. يېقىندىن بېرى يېزا ـ بازارلار 200 مىڭ يۈەن پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى چىقىرىپ، مەكتەپلەرگە ئىئانە قىلدى.

ئابدۇلئەھەت ئالىم

※ ※ ※ ※ ※

## كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 1998 ـ يىل 11 ـ ئايدىن باشلاپ ئارال ئېرىق كەنتىنى نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىسى قىلغان بولۇپ، ئورگاندىكى پارتىيە ئەزالىرى ئون نامرات ئائىلىنى يىللىق مۇددەت ئىچىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۆتۈرە ئالغاندى. ئۇلار پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان بىر قانچە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئىشنى نامرات ئائىلىلەرنى تۆپ يىلتىزىدىن يۆلەش، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى تۈپتىن ياخشىلاشتىن باشلىدى. پارتىيە ئەزالىرى نۇقتىدا تۇرۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىدا پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش قاتارلىق دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشلىرىغا ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلدى. نامرات ئائىلىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋېلىشى ئۈچۈن يىل بېشىدىن ھازىرغىچە نامرات ئائىلىلەرگە 479 يۈەن نەق پۇل، 4099

يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى.

ياسىن ھاشىم

※ ※ ※ ※ ※

## ئاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى «سۇ قانۇنى»، «سۇ قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ ئىجراسىنى، سۇ ئىدارىسى خىزمىتى ۋە ئىدارە باشلىقىنىڭ خىزمىتىنى باھالىدى

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 1999 ـ يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئاساسەن قىسمەن كومىتېت ئەزالىرى ھەم خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە سۇ ئىدارىسىنىڭ «سۇ قانۇنى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ ئىجراسىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، سۇ ئىدارىسىنىڭ 1999 ـ يىللىق خىزمىتىنى ھەم ئىدارە باشلىقىنىڭ نۆۋەت ئالماشمىش سايلىمىدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن بۇيانقى ئىككى يىللىق خىزمىتىنى باھالىدى.

بۇ قېتىمقى «سۇ قانۇنى» ھەم «سۇ قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە سۇ ئىدارىسى خىزمىتى ھەم ئىدارە باشلىقىنىڭ خىزمىتىنى باھالاشتا كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە باھالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ تۆۋەنگە چۈشۈپ دوكلات ئاڭلاش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈش، ۋەكىللەرنى ۋە ئاممىنى زىيارەت قىلىش، مۇناسىۋەتلىك ھېساباتىنى كۆرۈش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى. ئاخىردا سۇ ئىدارىسى ۋە ئىدارە باشلىقىنىڭ خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، نەتىجىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى جىددىي تۈزىتىپ، تۈزىتىش ئەھۋالىنى ئىككى ئاي ئىچىدە دائىمىي كومىتېتقا يوللاش توغرىسىدا بىر قانچە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەركىن نىياز

بۇ ساندىكى قىسقا خەۋەرلەرنىڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىر مامۇت
تېلېفون: 61203 ـ 4828065

# تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى

پېڭ ۋېيشۇ

تەيۋەن ئەزەلدىنلا جۇڭگونىڭ زېمىنى. جۇڭگو ـ ياپونىيە جياۋۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياپونىيە هۆكۈمىتىنىڭ «ماگۇەن شەرتنامىسى» نى چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتىگە مەجبۇري تېڭىشى نەتىجىسىدە، تەيۋەن ياپونىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا، جۇڭگونىڭ تەيۋەننى شەرتسىز قايتۇرۇۋېلىشتەك يوللۇق تەلىپى ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە، جۇڭگو 1943 ـ يىلى «قاھىرە خىتاپنامىسى» نى ئىمزالاپ، ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىن تارتىۋالغان زېمىنىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلغان. «قاھىرە خىتاپنامىسى» نىڭ ئۈنۈم بېرىشىگە ئەگىشىپ، تەيۋەننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى خەلقئارا شەرتنامىنىڭ قانۇنىي كاپالىتىگە ئېرىشكەن. 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ياپونىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغىنىغا 50 يىلدىن ئاشقان تەيۋەن ۋە پېڭخۇ ئاراللىرى رەسمىي جۇڭگونىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، قايتىدىن جۇڭگو خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن.

گومىنداڭنىڭ كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى ئېلىپ بارغان ئىچكى ئۇرۇشى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ قوللىشى بىلەن تەيۋەننى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، «چوڭ قۇرۇقلۇققا زەربە بېرىش» بازىسى قىلىۋالغان، بۇنىڭ بىلەن تەيۋەن مەسىلىسى كېلىپ چىققان.

تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى، گومىنداڭنىڭ كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى مۇستەبىت ھاكىمۇتلەق گومىنداڭ گۇرۇھى ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭ ئىمزالىغان «قوش ئون ماددىلىق كېلىشىم» نى، ھەر قايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ئورتاق ھاسىل قىلغان سىياسىي كېلىشىمنى ۋە بارلىق ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىملىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ۋەھشىيلەرچە كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ئازادلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن، جياڭ جيېشى گۇرۇھى تەيۋەنگە چېكىنىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇمۇميۈزلۈك قوللىشى ئارقىسىدا، تەيۋەننى «چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، يىرقە پارتىيىسىنى قايتا گۈللەندۈرۈش» بازىسى قىلىپ، ئاتالمىش «پۈتۈن جۇڭگوغا ۋەكىللىك قىلىدىغان» كومپارتىيىگە قارشى سىياسىي، ھەربىي راۋىشنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى، نەتىجىدە تەيۋەن بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەر ئۇزاق مۇددەت ئايرىلىپ تۇرۇش ھالىتى پەيدا بولدى.

چەت ئەللەردىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىگە قول تىقىپ، «تەيۋەن ئارقىلىق جۇڭگونى تىزگىنلەش» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتى بىلەن ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەنلىكى تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى توپ سەۋەبتۇر.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاتالمىش كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش يەر شارى ئىستراتېگىيىسىنى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپە-

ئىتتىنى چىقىش قىلىپ، يېڭى جۇڭگونى پۈتۈن كۈچى بىلەن يېتىم قالدۇردى ۋە چەكلەپ قويدى. چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 7 ـ دېڭىز ئارمىيە ئەترىتى تەيۋەن بوغۇزىغا ئۇسسۇپ كىردى، 13 ـ هاۋا ئارمىيە ئەترىتىمۇ تەيۋەنگە كىردى، ئۇلار پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ياتىدىغان دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە قوراللىق ئارىلاشتى. 1953 ـ يىلى، ئامېرىكا «جياڭ جيېشىنى قەپەزدىن چىقىرىش» سىياسىتىنى ۋە چەتتە تۇرۇپ جەڭ قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى، 1954 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يەنە تەيۋەن دائىرىلىرى بىلەن ئاتالمىش «ئورتاق ئالدىنى ئېلىش شەرتنامىسى» ئىمزالىدى. ئۇرۇشنىڭ خىرىسى ئالدىدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1954 ـ يىلى ۋە 1958 ـ يىلى ئىككى قېتىم قايتارما هۇجۇمغا ئۆتۈشكە مەجبۇر بولۇپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىگە زەربە بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم «تەيۋەن كرىزىسى» يۈز بەردى. ئامېرىكا هۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىگە قول تىقىشى، جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشتەك خاتا سىياسىتى تەيۋەن بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت جىددىي تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1979 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، ئامېرىكا بىر تەرەپتىن جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەيۋەن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگوغا بېسىم ئىشلەتتى ۋە جۇڭگونى چەكلەپ قويدى. ئامېرىكا هۆكۈمىتىنىڭ خاتا سىياسىتى ۋە هەرىكىتى تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ هەل قىلىنىشىغا يېڭى توسالغۇ ۋە كاشىلا پەيدا قىلدى. لى دېڭخۈي 1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئىككى قىرغاقنىڭ مۇناسىۋىتى «دۆلەت بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى» دەيدىغان بۆلگۈنچىلىك مەزمۇنىدىكى نۇتۇقىنى ئېلان قىلدى، ئامېرىكا گەرچە بىر جۇڭگو سىياسىتىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا «تەيۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قانۇنى» دىكى تەيۋەنگە بەرگەن ۋەدىسىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا يەنە بىر قېتىم ئېغىر دەرىجىدە ئارىلىشىۋېلىپ، تەيۋەن مەسىلىسىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئامېرىكا «تەيۋەن ئارقىلىق جۇڭگونى تىزگىنلەش» ئىستراتېگىيىسىنى ۋە «قوش يوللۇق سىياسەت» نى يولغا قويۇپ، ئىككى قىرغاقنىڭ هازىرقىدەك بۆلۈنۈپ تۇرۇش هالىتىنى ساقلاپ قېلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، مانا بۇ تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ هازىرغىچە هەل بولماسلىقىدىكى تۈپ سەۋەبتۇر.

ياپونىيىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىمۇ تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇهىم ئامىل. ئېينى ۋاقىتتا، تەيۋەن ۋەتەننىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، نۇرغۇن ياپونىيىلىكلەرنىڭ تەيۋەننى 50 يىل مۇستەملىكە قىلىپ هاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكىدەك تارىخىنى ئۇزۇپ قويۇشقا كۆزى قىيمىدى. ياپونىيىدىكى تەيۋەن بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن بولغان ئوڭ قانات كۈچلەرنىڭ «تەيۋەنگە بولغان مۇهەببىتى» تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار تەيۋەننى قايتىدىن قولىغا كىرگۈزۈۋېلىشتەك ياۋۇز نىيىتىدىن هېچقاچان يېنىپ باققىنى يوق. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ياپونىيە ئوڭ قانات كۈچلىرى ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى ئىستراتېگىيىسىنىڭ ياپونىيىگە بولغان ئېهتىياجىدىن پايدىلىنىپ، «ياپونىيە ـ ئامېرىكا ئالدىنى ئېلىش، هەمكارلىشىش يېڭى قىبلىنامىسى» ئارقىلىق، ئاتالمىش «ئەتراپتىكى ئەهۋاللار» هەققىدە مۇجمەل چۈشەنچە بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىدىكى تەسىرىنى ۋە رولىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ «تەيۋەننىڭ ئورنىنى بېكىتمەسلىك نەزەرىيىسى» دىن هېچقاچان ۋاز كېچىپ باققان ئەمەس، ئۇلار «جۇڭگو ـ ياپونىيە بىرلەشمە باياناتىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى» دېگەن نەزەرىيىنى تەرغىب قىلىۋاتىدۇ، هەتتا تەيۋەننىڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايۋاتىدۇ هەمدە تەيۋەن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونى تىزگىنلەشكە كۆنسېرى ئەهمىيەت بېرىپ، تەيۋەن بىلەن بولغان «هۆكۈمەت تەرەپ مۇناسىۋىتى» نى ئۇمۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشنى كۈچىنىڭ بارىچە تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ.

تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن تەيۋەن ئارىلىدىكى «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى تەيۋەن مەسىلىسىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى.

1979 ـ يىلى مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ «تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا خەت» نى ئېلان قىلىشى ۋە ۋەتەن چوڭ قۇرۇلۇقىدىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشىشى تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇش ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىككى قىرغاقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش قىزغىنلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى. لېكىن، تەيۋەن دائىرىلىرى «ئۇچراشماسلىق، سۆھبەت ئۆتكۈزمەسلىك، مۇرەسسە قىلماسلىق» ئۈچ سىياسىتىدە يەنىلا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالدى. تەيۋەن ئارىلىدىكىلەرنىڭ يۇرتلىرىغا كېلىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يوقلاش كۈچلۈك تەلىپىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، جياڭ جىڭگو ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ۋەتەن چوڭ قۇرۇلۇقىغا كېلىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كېتىشىگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. 1987 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن كېيىن، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قېرىنداشلار 38 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئايرىلىپ تۇرۇش ھالىتىنى ئاخىر بۇزۇپ تاشلىدى.

لېكىن، 1988 ـ يىلى لي دېڭخۈي تەيۋەننىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، بىر جۇڭگو پىرىنسىپىغا بارا ـ بارا خىلاپلىق قىلىپ، «جۇڭخۇا مىنگو» نىڭ ۋېيۇسكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ «ئىككى جۇڭگو»، «بىر جۇڭگو، بىر تەيۋەن» ھەتتا «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» غەۋغاسىنى قىلدى. ئۇ 1995 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سۇر ـ ھەيۋە بىلەن ئامېرىكىغا بېرىپ ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىككى قىرغاقنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى، بۇنىڭ بىلەن، 3 ـ قېتىملىق «تەيۋەن كرىزىسى» كېلىپ چىقتى.

دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ داۋخەن ئەپەندى ئىككى قىرغاقنىڭ مۇناسىۋىتىدە ياخشىلىنىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن، تەيۋەنگە زىيارەتكە چىقىشقا ھازىرلىنىۋاتقان پەيتتە، ۋەزىپىسىدىن قېلىش ئالدىدا تۇرغان لى دېڭخۈي يەنە «قىلىدىغاننى قىلىپ بولۇپ»، ئىككى قىرغاقنىڭ مۇناسىۋىتى «دۆلەت بىلەن دۆلەتنىڭ، ھېچ بولمىغاندا پەۋقۇلئاددە دۆلەت بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر» دېگەن سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ لى دېڭخۈينىڭ «يوشۇرۇن مۇستەقىللىق دەۋاسى» دىن «ئاشكارا مۇستەقىللىق دەۋاسى» غا ئۆتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى.

غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ قوللىشى ۋە تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشى، يۆلىشى ئارقىسىدا، تەيۋەن ئارىلىدىكى «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» ھەرىكىتى كۈنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، بۇمۇ تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا توسالغۇ بولۇپ قالدى. چېكىدىن ئاشقان «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» ئۇنسۇرلىرى «تەيۋەننى مۇستەقىل قىلىمىز»، «تەيۋەن جۇمھۇرىيىتى» قۇرىمىز، دەپ ئاشكارا داۋراڭ سالماقتا. دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيىسى گەرچە تەيۋەن ئارىلىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى تۈپەيلىدىن، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» نىڭ تۈسىنى تەدرىجىي ئاجىزلىتىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار «تەيۋەن مۇستەقىللىقى پروگراممىسى» دىن يەنىلا ۋاز كەچمەيۋاتىدۇ. «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» نى تەشەببۇس قىلىش جۇڭگو خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە خىلاپ بولۇپ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا كۈچلۈك ئەيىبلەشكە ۋە قارشىلىققا ئۇچرايدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرقانداق قىلمىشنىڭ يۈز بېرىشىگە ھەرگىز قاراپ ئولتۇرمايدۇ.

«دۇنيا بىلىملىرى» ژۇرنىلىدىن

قاھار ئوسمان تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 61203 ـ 4828065

## كىچىك ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇشتا...

1. ئۆينى پاكىز تۇتۇش تىزىلغان نەرسىلەر چوقۇم زامانىۋى ھەم مودىغا ماسلاشقان بولۇشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئۆي كىچىك بولسىمۇ كىشىگە «چوڭ» دەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

2. ئۆي سەرەمجانلىرىدا ئامال بار تۇتقۇچ ۋە پۇت قاتارلىقلار بولماسلىق، بۇنىڭ بىلەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، ئىشكاپلارنى تامغىلا ئورنىتىۋېتىش، ئۆينى ئازادە كۆرسىتىش كېرەك.

3. دېرىزىنى ياساشنى بەكمۇ تەلەپ قىلماسلىق، يېنىك - ئېغىر پەردىلەرنى ئاز ئىشلىتىش، كۆپرەك نېپىز كەلگەن پەردىلەرنى ئېسىش كېرەك.

4. دېرىزە ئۇدۇلىدىكى تامغا بىر پارچە چوڭ ئەينەك ئورنىتىش ئارقىلىق سىرتنىڭ مەنزىرىسىنى ئۆيگە چۈشۈرۈپ كىشىگە ئازادىلىك، ھوزۇر بېغىشلاش كېرەك.

5. ئاشخانا، ھۇجرا ۋە مېھمانخانىغا ئوخشىمىغان تام قەغىزى ئىشلىتىپ ئۆينى كەڭ، چوڭ كۆرسىتىش كېرەك.

6. ھۇجرىدىكى بۇلۇڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ كىچىك تىپتىكى ئائىلە سەرەمجانلىرىنى تىزىش كېرەك.

مېھرىبانۇم ئابدۇللاھاجىم تەرجىمىسى

## دۆلەت خىزمەتچىلىرى قايسى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى شەرت؟

1. ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇن - نىزاملارغا رىئايە قىلىش.

2. ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرى ۋە سىياسەتلىرى بويىچە بېجىرىش.

3. ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئاممىنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىش، نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

4. دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى، شان - شەرىپى ۋە مەنپەئىتىنى قوغداش.

5. ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇش، تىرىشىپ ئىشلەش، ئۆز مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ئادا قىلىش، بۇيرۇققا بويسۇنۇش.

6. دۆلەت مەخپىيەتلىكى ۋە خىزمەت مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش.

7. ئادىل، پاك - دىيانەتلىك بولۇش، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش.

8. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن باشقا مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش.

توقسۇ ناھىيىلىك ئادۋوكاتلىق ئورنىدىن: دىلشات تەييارلىغان

## دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئىنتىزامىدا چەكلەنگەن ئىشلار

1. ھۆكۈمەتنىڭ ئابرۇيىغا داغ تەگكۈزىدىغان گەپ - سۆزلەرنى تارقىتىش، قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ياكى ئۇنىڭغا قاتنىشىش، ھۆكۈمەتكە قارشى يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش ۋە كۈچ كۆرسىتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى تەشكىللەش ياكى ئۇنىڭغا قاتنىشىش، ئىش تاشلاشنى تەشكىللەش ياكى ئۇنىڭغا قاتنىشىش.

2. مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، خىزمەتكە دەخلى يەتكۈزۈش.

3. يۇقىرىنىڭ قارارى ۋە بۇيرۇقى بىلەن قارشىلىشىش.

4. تەنقىدنى بېسىش، زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىش.

5. ساختىپەزلىك قىلىپ، رەھبەرلىكنى ۋە ئاممىنى ئالداش.

55

6 . خىيانەت قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش، پارا بېرىش، پارا ئېلىش ياكى خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەش.

7 . ئومۇمنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ چېچىش، دۆلەتنىڭ مەبلىغى ۋە ماددىي ئەشيالىرىنى ئىسراپ قىلىش.

8 . خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋەتىگە زىيان سېلىش.

9 . دۆلەت مەخپىيىتىنى ۋە خىزمەت مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاش.

10 . تاشقى ئىشلار پائالىيەتلىرىدە دۆلەتنىڭ ئابرۇيىغا ۋە مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش.

11 . شەھۋانىيلىق، زەھەر چېكىش، خوراپاتلىق ۋە قىمارۋازلىق ھەرىكەتلىرىگە ئارىلىشىش ۋە مەدەت بېرىش.

12 . ئىجتىمائىي ئەخلاققا خىلاپلىق قىلىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلىش.

13 . سودىگەرلىك قىلىش، كارخانا قۇرۇش، شۇنىڭدەك پايدا ئېلىش مەقسەت قىلىنغان باشقا تىجارەت پائالىيەتلىرىگە ئارىلىشىش

14 . ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلىش.

توقسۇ ناھىيىلىك ئادۇوكاتلىق ئورنىدىن: دىلشات تەييارلىغان

## ئالتۇنچىلىقتىكى ئەڭ

△ 1983 ـ يىلى ئالتۇن قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر كىشى ئامازون ئورمانلىقىدىكى پىلا تېغىغا جايلاشقان ئالتۇن كېنىدا ئېغىرلىقى 62.3 كىلوگىرام كېلىدىغان بىر پارچە تەبىئىي ئالتۇن پارچىسىنى بايقىغان. بۇ ھازىرغىچە تېپىلغان ئالتۇن پارچىلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئالتۇن پارچىسىنى ھۆكۈمەتكە سېتىپ بەرگەن. بۇ ئالتۇن پارچىسى 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىگە ئىگە ئىكەن.

△ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەت — جەنۇبىي ئافرىقا.

△ دۇنيا بويىچە ئالتۇن زاپىسى ئەڭ كۆپ دۆلەت —ئامېرىكا.

△ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئالتۇن خەزىنىسى —نيۇ ـ يورك مانخاتون فېدېراتىپ بانكىسىنىڭ يەر ئاستى خەزىنىسى.

△ دۇنيا بويىچە ئالتۇن چىش سالدۇرغۇچىلار ئەڭ كۆپ دۆلەت — شۋېتسارىيە.

△ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ خۇسۇسىي ئالتۇن ئەسۋابلار مۇزېيى — پېرو ئالتۇن مۇزېيى.

△ دۇنيا بويىچە ئالتۇن ئېقىپ كىرىش مىقدارى ئەڭ كۆپ دۆلەت — ھىندىستان.

△ دۇنيا بويىچە ئالتۇن ئىشلەپچىقارماي تۇرۇپ، ئەڭ كۆپ ئالتۇن ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەت —ئىتالىيە.

△ ئىتالىيىلىك ئاتاغلىق ھەيكەلتاراش جارانىيە ياسىغان ئېغىرلىقى 5 كىلوگىرام، ئېگىزلىكى 36 سانتىمېتىر كېلىدىغان پۇتبول مۇسابىقىسى مۇكاپات لوڭقىسىنى دۇنيا بويىچە ئالتۇندىن ياسالغان ئەڭ چوڭ مۇكاپات لوڭقىسى دېيىشكە بولىدۇ.

△ ئىنسانلارنىڭ ئالتۇن قېزىش تارىخىدا ئالتۇننى ئەڭ بۇرۇن بايقىغان ۋە ئىشلەتكەن دۆلەت— جۇڭگو.

ئابدۇلئەھەت ئالىم تەييارلىغان

## قانۇننى نېمە ئۈچۈن دۆلەت رەئىسى ئېلان قىلىدۇ

دۆلەت رەئىسى تۈزۈمى دۆلىتىمىز سىياسىي

تۈزۈمىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، دۆلەت رەئىسى تۆۋەندىكىدەك خىزمەت ھوقۇقىغا ئىگە: (1) قانۇنلارنى ئېلان قىلىش؛ (2) گوۋۇيۈەن تەركىبىدىكى خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش – ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش؛ (3) ئالاھىدە كەچۈرۈم بۇيرۇقى چىقىرىش، ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى چىقىرىش، ئۇرۇش ھالىتى جاكارلاش سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقىرىش؛ (4) دۆلەتنىڭ ئوردېن ۋە پەخرىي ناملىرىنى بېرىش؛ (5) دۆلەتكە ۋاكالىتەن چەت ئەل ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش، چەت ئەللەردە تۇرىدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللەرنى ئەۋەتىش ۋە چاقىرتىۋېلىش، چەت ئەللەر بىلەن تۈزۈلگەن شەرتنامە ۋە مۇھىم كېلىشىملەرنى تەستىقلاش ۋە بىكار قىلىش. ئاساسىي قانۇندا دۆلەت رەئىسىگە قانۇنلارنى ئېلان قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەنىكەن، ئۇنداقتا مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان قانۇنلارنى بىردەك دۆلەت رەئىسى ئېلان قىلىدۇ.

ھەرقانداق شەيئىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشىغا مەلۇم جەريان كېتىدۇ، شۇنداقلا ئۇ مەلۇم تەرتىپكە ئەمەل قىلىدۇ. قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى، ماقۇللىنىشى، ئېلان قىلىنىشى، يولغا قويۇلۇشىمۇ شۇنداق. مەلۇم بىر قانۇنى گەرچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان بولسىمۇ، پەقەت دۆلەت رەئىسى ئېلان قىلغاندىن كېيىنلا قانۇن ئاندىن كۈچكە ئىگە بولالايدۇ.

يەن شۆلىن تەرجىمىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى قانچىلىك قانۇننى ماقۇللىدى

1979 – يىلدىن 1999 – يىلى 2 – ئاينىڭ 28 – كۈنىدىكى 9 – نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 – يىغىنىغا قەدەر، يېڭى ئاساسىي قانۇندىن باشقا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 244 قانۇن، قانۇنغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن 104 پارچىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى:

بۇنىڭ ئىچىدە پۇل مۇئامىلىگە دائىر قانۇنلاردىن: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگو خەلق بانكىسى قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سودا بانكىسى قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چەك قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇغۇرتا قانۇنى»، «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پۇل مۇئامىلە تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتىنى جازالاش توغرىسىدىكى قارارى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاكسىيە قانۇنى»، «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تاشقى پېرېۋوت ۋە چەت ئەلگە پېرېۋوت قىلىدىغان خەلق پۇلىنى ئالداپ سېتىۋېلىش ھەم تاشقى پېرېۋوتنى قانۇنسىز ئېلىپ – سېتىشنى جازالاش توغرىسىدىكى قارارى» مۇ بار.

5 – نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە 41 قانۇن، 19 پارچە قانۇنغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار؛

6 – نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە 47 قانۇن، 16 پارچە قانۇنغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار؛

7 – نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە 60 قانۇن، 27 پارچە قانۇنغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار؛

8 – نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە 85 قانۇن، 32 پارچە قانۇنغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار؛

9 – نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدىن بۇيان 11 قانۇن، 10 پارچە قانۇنغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى.

«خەلق قۇرۇلتىيى يېتەكچىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 – يىللىق 2 – سانىدىن مەخمۇت سايىم تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرىم
تېلېفون: 61203 – 4828065

# ئاۋمېنلىق ئۇيغۇر شائىرە ھاجىنىسانىڭ شېئىرلىرىدىن






تەھرىر ئىلاۋىسى: مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى قىزغىن قۇتلۇقلاۋاتقان پەيتتە ژۇرنىلىمىز ئاۋمېنلىق ئۇيغۇر شائىرەسى ھاجىنىسانىڭ ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىشىنى كۈتۈپ يازغان بىر نەچچە شېئىرى ۋە ئاپتور سۆزىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ھاياجانلانغايسىلەر.

ئاپتور سۆزى:

مەن كەسپىي شائىرە ئەمەس، بۇ شېئىرلار پەقەت مەشق بولۇپ، ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولغانىدى. ئىشقىلىپ، ھېسسىياتىمنى قوزغاتقان ياكى قەلبىمگە قاتتىق تەسىر قىلغان، دىلىمنى تىترەتكەن ئىشلارغا دۇچ كەلسەم، شېئىر ئارقىلىق ئەينى چاغدىكى يۈرەك سادايىمنى خاتىرىلىۋالاتتىم. كىشىلەردە شادلىق، غەزەپ، ھەسرەت بولىدۇ. مەندىمۇ شۇنداق. ھەر خىل بېسىملار ئاستىدا ياشاۋاتقان ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خۇشاللىق ۋە ھەسرەت ياكى ئازابقا دۇچ كەلسەم تېخىمۇ ئامالسىز قالىمەن. قەلبىمدە دولقۇن قوزغايدىغان ئىشلارغا دۇچ كەلسەم، ئۇنى ئېيتىدىغان كىشىم يوق، ھەمىشە يالغۇز ياشايمەن. بۇ ھالمۇ شېئىر يېزىش ئارقىلىق قەلبىمنى ئىزھار قىلىدىغان ئۇسۇلنى تاللىشىمغا تۈرتكە بولدى. يازغان شېئىرىمدىكى ئىشلار چىن ـ ھەقىقىي بولۇپ، ئەزەلدىن شېئىر يېزىش ئۈچۈنلا شېئىر يازغان ئەمەسمەن. شېئىر يېزىش ئۈچۈنلا تېما ئىزدىگەن، ۋەقە قۇراشتۇرغان، سۆز تىزمىلىرى ئۈستىدە تېخىمۇ باش قاتۇرغان ئەمەسمەن. شۇڭا، مېنىڭ شېئىرلىرىمدا ھەشەمەتلىك سۆزلەر يوق. لېكىن، ھېسسىياتىم چىن، بەزى شېئىرلارنى يىغلاپ تۇرۇپ يازدىم، بەزى شېئىرلاردا ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەۋاتقىچە يۈرىكىم قىسىلىپ، تىترىدى......

مېنىڭ كەسپىم دوختۇرلۇق، شۇنداقلا «ئەجنەبىي سودا» ساھەسى بويىچە خەلقئارا سودا بىلەن شۇغۇللىنىمەن. مەن كەسپىمنى قىزغىن سۆيىمەن، ماڭا كېسەلنى داۋالاتقىلى كەلگەن كېسەللەرنى، بولۇپمۇ، دوختۇر ۋە دورىغا چىقىنالمايدىغان، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ياشاش ئۈچۈن تىرمىشىپ يۈرگەن «يىلتىز قاتلام» كىشىلەرنى قەدىرلەيمەن. كەسپىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقىمىكىن، جۇڭگولۇقلار بىلەن ئەجنەبىيلەر ئارىلاش ياشايدىغان بۇ جەمئىيەتتە ھەر خىل قاتلام، ھەر خىل ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ خىلمۇخىل ھالەتلىرى بىلەن بىۋاسىتە ۋە چوڭقۇر ئۇچرىشىپ تۇرىمەن.

80 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن 90 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە بولغان ئون يىل ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى دەسلەپكى قەدەمدە باشلىنىپ، ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشقان ئون يىل، شۇنداقلا شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئون يىل بولدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى، دەۋرنىڭ ھەيران قالدۇرارلىق دولقۇنلىنىشى، شەرق ئەزىمىتىنىڭ ئويغىنىشى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قايتىدىن

روناق تېپىشى پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. چەت ئەللەردىكى يەندى - خۇاڭدى ئەۋلادلىرىنى ئىلھاملاندۇردى، دۇنيادىكى ئىلغار كۈچلەر جۇڭگوغا يۈزلىنىپ ئىنتىلدى، چەت ئەللەردىكى ۋەتەنپەرۋەر جۇڭگولۇقلار ۋەتەنگە تەلپۈندى، جۇڭگو دۇنيانىڭ ئۈمىد نۇرى بولۇپ قالدى. مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان يۇرتۇم شىنجاڭمۇ ۋەتىنىمنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئوخشاش تەڭ قەدەمدە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. بۇ مېنىڭ قەلبىمدە ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجان پەيدا قىلدى.

ۋەتىنىمىز زور تەرەققىيات، زور ئۆزگىرىش، دەرىجىدىن تاشقىرى يۇقىرى تېزلىكتە ئىلگىرىلەش دەۋرىدە تۇرماقتا، ئىچكى - تاشقى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالمىشىشىنىڭ ئاۋۇشىغا ئەگىشىپ، سودا جەمئىيىتىنىڭ شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسى، چىرىك - چۈشكۈن تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋەتىنىمنىڭ ساپ - سەمىمىي، مۇقەددەس زېمىنىغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلماقتا. مەن ئىدىيىۋى روھىي مەدەنىيەت بۇلغىنىشىنىڭ كېڭىيىۋاتقىنىنى ئېچىنىپ تۇرۇپ كۆرمەكتىمەن. تاۋار ئىگىلىكىدە بولىدىغان رەھىمسىز رىقابەت كىشىلەرنىڭ ياشاش قارىشى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى، نىكاھ - ئائىلە ھەمدە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ھۇجۇم قىلماقتا. رەڭگارەڭ دەۋر كىشىلەرنىڭ قارىشىنى تېز ئۆزگەرتمەكتە. بىر مۇنچە كىشىلەر «دېڭىزغا چۈشۈپ» مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ھېسسىياتىدا پۇل ۋە ماددىي پاراۋانلىق قوغلاشماقتا. دەۋرنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە ئاۋاتلىشىشى كىشىلەرنى يەنىمۇ يۈكسەك پەللىگە چىقىش ئىستىكىدە ئۈزلۈكسىز دەۋر قىلىش ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرمەكتە. ياش بىر ئەۋلاد تېز ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. ئۇلار ھەر ئۈچ - تۆت يىلنى «بىر دەۋر» قىلىپ «دەۋر جىلغىسى» ئايرىماقتا. 26 - 27 ياشتىكى ياشلار «قېرى» لىق بېسىمى سېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلماقتا. مۇشۇنداق «ئېلىشىش» يىللىرىدا ئۇلار پۇختا، ئەمەلىي، تىرىشىپ ئىشلىمەي، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى مەنپەئەتكە ئالدىراپ، «بىر كېچىدىلا باي بولۇش» خام خىيالىنى قىلماقتا. قارىغۇلارچە «شامال» غا ئەگىشىپ، يېڭى «دولقۇن» قوغلاشماقتا. ئۇلارنىڭ پىشقەدەم بىر ئەۋلادنىڭ كەچۈرمىشلىرى، دەرد - ئازابلىرى بىلەن كارى يوق، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەۋلاد دەۋرنىڭ تۈۋرۈكى، ئۇلارنىڭ يۈكى ئېغىر، ئۇلارنىڭ زىممىسىدە دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، ئائىلىنىڭ ھېسابسىز مەسئۇلىيەت يۈكى بار. ئوتتۇرا ياش بىر ئەۋلاد كۆرگەن ئەنئەنىۋى تەربىيە ئۇلارنى پىشقەدەملەرگە ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان، نەسىھەتنى ئاڭلايدىغان، شۇنداقلا ياش بىر ئەۋلادنىڭ «قايتا تەربىيىسى»نىمۇ قوبۇل قىلىدىغان قىلىپ قويغان. ئۇنداق بولمىسا، ئۇلار دەۋرگە يېتىشىپ ماڭالمايدىغان «سەھرالىق» ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. مەن بەزى دۆلەتلەرگە بارغانىدىم، تازا تەرەققىي تاپقان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەخلاق، ۋىجدان مەسىلىسىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋال مەۋجۇتلۇقىنى سەزدىم.

ھەر بىر ئادەمدە ئوخشىمىغان قىممەت قارىشى، قىممەتنى دەڭسەشتە ئوخشىمىغان ئۆلچەم بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىزدىنىشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ بىر مۇنچە ئېتىكىلىق قايغۇ - ھەسرەتنى پەيدا قىلىدۇ.

1997 - يىلى شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىدۇ. 1999 - يىلى ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتىدۇ. مەن دەۋر ئالمىشىش مۇھىتىدا تۇرغان ئاۋمېندا كىشىلەرنىڭ يېڭى دەۋردە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئورنىنى داۋاملىق، يېڭىۋاشتىن ئىزدەۋاتقىنىنى كۆرمەكتىمەن. ۋەتىنىمىزدىكى ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ جۇڭخۇانى ئورتاق گۈللەندۈرۈش كاتتا دولقۇنىدا قۇدرەتلىك بۇرغىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىماقتىمەن: يېڭى - كونىنىڭ، ئىلغارلىق - قالاقلىقنىڭ ئورنىنى ئىگىلىمەكتە. مۇشۇ ھالدا مېنىڭ يۈرىكىم تىپتىنچ تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭ بىر مۇنچە شېئىرلىرىم ئاشۇ خىل ھېسسىياتنىڭ تەبىئىي ئۆركەشلىرى ئىچىدە تۇغۇلغان.

كىشىنىڭ ھېسسىياتى جىددىيلىشىپ ھاياجانلانغاندا، قويۇق ھېسسىياتلىق سۆزلەر تەبىئىي يوسۇندا قەلەم ئاستىغا چۈشىدىكەن. ئېھتىمال، شېئىر دېگەن شۇنداق بولىدىغاندۇ! 1997 - يىلى ۋە 1999 - يىلنىڭ كېلىشىگە، شياڭگاڭ، ئاۋمېنىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كىرىشىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، بىر مۇنچە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىقلار ئاتالمىش

«شامال تەگمەيدىغان پورت» ئىزدەپ، كۆچمەنلىك رەسمىيىتى ئۆتەپ باشقا ئەللەرگە كۆچۈپ كېتمەكتە. مەن ئۇنىڭغا قارىتىپ: «قىيالامسەن» دەپ بىر شېئىر يېزىپ:

قاچىسەن نېمىشقا رېئال دۇنيادىن،
ئۆچىنچى دەرىجىلىك پۇقرا بولسەن؟
جۇڭگودا ئىستىقبال بار يەنە ئۈمىد،
گۈللىنىش ئورنىغا ئورتاق جۇڭخۇانى
ئۆزگىلەر ئېلىگە كېتىپ قالسەن؟

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق كۆڭلۈمنى ئېپادىلىدىم.

بۈيۈك دەۋرنىڭ دولقۇنلىرىدا ئادەمنى پەزىلەت، ئەخلاق، ۋىجدان دېگەنلەر كۈچ سىناشماقتا. بەزىلەرنىڭ ئوسال ئادىمى پەزىلىتى دولقۇن يۈزىگە چىقىپ، غالجىرلىق بىلەن ۋاستە تالللىماي ھوقۇق، نام - مەنپەئەت قوغلاشماقتا. ئۇلار پۇل - دۇنيا، ھوقۇق، ساختا شۆھرەت ئۈچۈن ئەقلىنى، ۋىجدانىنى يوقىتىپ، ئەخلاقسىز سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر خىل قەبىھ قىلمىشلارنى قىلماقتا.

تەيفېڭ بورىنى چىققان بىر يامغۇرلۇق كۈنى مەن چوڭ بىنادىكى ئەينەكلىك تامنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سىرتنى كۆزەتتىم (سۇبتروپىك بەلباغلاردا چىققىدىغان يامغۇرلۇق تەيفېڭ بورىنىنىڭ ھەيۋىتى ناھايىتى سۈرلۈك بولىدۇ)، كوچىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن غازاڭلار، چاڭ - توزانلار يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇلۇپ ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى ...

بۇ مەنزىرە دەرھاللا مەندە «يامغۇر» دېگەن شېئىرنى پەيدا قىلدى:

شارقىراپ چۈشكەن يامغۇر،
.........
ئۇ نېمىشقا يۇيالمايدۇ زادىلا،
جەمئىيەتتىكى جىنايەتنى - ئىللەتنى.
ئۇ نېمىشقا يۇيالمايدۇ زادىلا،
ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ساختىلىق
ئاچكۆزلۈك ھەم روھىي شەخسىيەتنى.
ئۇ نېمىشقا يۇيالمايدۇ زادىلا،
ئىنسانىيەت ئالەمىدە تۇرغۇچى
ئادالەتسىز رېئال مەۋجۇدىيەتنى.
.........

شىياڭگاڭ، ئاۋمېندىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش رېتىمىنىڭ تېزلىكى دۇنياغا داڭلىق. ئەگەر سەن بۇ جەمئىيەتتىن بىرەر - يېرىم يىل ئايرىلىدىغان بولساڭ، ۋەزىيەتكە يېتىشىپ ماڭالمايۋاتقانلىقىڭ تەسىراتىغا كېلىسەن. بۇ يەردىكى رىقابەت جەڭ مەيدانىغىلا ئوخشايدۇ. ئامېرىكا، كانادا، فرانسىيە ۋە ئاۋستىرالىيەدىن كەلگەن بىر مۇنچە دوستلار بۇ يەرنىڭ جىددىي تۇرمۇش رېتىمىگە زادىلا چىداشلىق بېرەلمەيدۇ.

مەن دەۋر قەدىمىنى قوغلىشىپ توختاۋسىز ئالغا چاپتىم. ئۇزلۇكسىز كىتاب ئوقۇپ يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ ماڭدىم، ھەر خىل خىزمەتتىكى جىددىي بېسىمغا ئۇزاق مۇددەتلىك جىسمانىي ۋە روھىي سەرپىيات قوشۇلۇپ مېنى ھاردۇرۇپ - تالغۇزۇۋەتتى. ھەتتا يۈرىكىممۇ ھېرىپ قالدى، مەن «چاپالمايدىغان» بولۇپ قالدىم. مېنىڭ يۈكۈم ناھايىتى ئېغىر، ئەشەنچلىك، يۈكۈمنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىدىغان ئادەمىم يوق. ئاسمان ئۈستۈمگە چۈشكەندەكمۇ ئۆزۈمنىڭ كۆتۈرۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ. «مەن زېمىننىڭ بىر چېتىدىكى ھارغىن ئادەم»، «ئۇنىڭغا كېرەك بىر ئەرنىڭ مۇرىسى» دېگەن شېئىرلار دەل ئاشۇ «ھارغىن ئادەم» نىڭ نىداسى ۋە چۇقانى بولۇپ، بۇ يەنە مېنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇشۇمنىڭ چىن كۆرۈنۈشى.

كىشىلىك ھايات تەكشى ئەمەس، ياشىماق ھەقىقەتەن مۇشكۇل. ئەگەر بىر ئايال ئاتا - ئانىسىغا تايانماي، ئەرگە تايانماي كەسپىي خادىملارنىڭ غورۇرىنى ساقلايمەن دېسە، ناتونۇش سودا - سېتىق جەمئىيىتىدە مۇستەقىل، ئەركىن، مۇۋەپپەقىيەتلىك ياشاش يولىنى ئىزدىسە، قىيىنىنىڭ ئۈستىگە قىيىن بولىدىكەن. مەن راھەت - پاراغەتلىك خاتىرجەم تۇرمۇشنى تاشلاپ، ناتونۇش مۇھىتقا كېلىپ، ئىگىلىك تىكلەشنى نۆلدىن باشلىدىم. تايانچىسىز، يۆلەنچۈكسىز، ياردەمچىسىز قېلىشىنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى، خەتەر - خەۋپىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش قىيىن. مەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بىلەن بىرگە ئەگرى - توقايلىقلارنى، ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈردۈم. مەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىنسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇقنى كۆرۈپ يەتتىم. لاۋزىلىق ئۈستىگە ئاچچىقنى تويغىچە تېتىدىم.

مەن بىر نەچچە قېتىم ھايات - مامات چېگىگىچە بېرىپ قالدىم. ئېتىقادىم، ئىرادەم ۋە

دوستلارنىڭ ياردىمى مېنى يەنە ھايات ئۈستىگە باشلاپ كەلدى. مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەۋاتقان دەسلەپكى چاغلاردا بەزىلەر ماڭا دەردىنى ئېيتىپ، ئائىلىسىدە ناھايىتى زور ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يۈز بەرگەنلىكىنى سۆزلىگەندە، ئالدىراپ-سالدىراپ ئۆزۈمدە بار «ئېھتىيات پۇلى» نىڭ ھەممىسىنى ئۆتنە بېرىپتىمەن. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئائىلە ئىز-دېرەكسىز غايىپ بولدى. مەن ياشاشقىمۇ چارىسىز قالدىم. نەق بىر ھەپتە تاماق يېمەي، ھەر كۈنى تورۇبىبا سۈيى ئىچىشكە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزدۇم، ئاچلىق مېنى ھۇشسىزلاندۇرۇپ يەرگە يىقىتتى ........ قەمەرىيە يىلىنىڭ تۈگەنچى كۈنى، يېڭى يىل ھارپىسى خوجايىن مېنىڭ تۇرالغۇ ئۆيۈمنى مەجبۇرىي تارتىۋالدى. ئەسلىدە ئۇ شىياڭگاڭلىق «چوڭ ساخاۋەتچى» ئىدى-يۇ، ماڭا كەلگەندە ئازراقمۇ خەير-ساخاۋەت قىلىپ قويمىدى. يېڭى يىل ھارپىسى ھەممە ئائىلىلەر جەملىشىپ بايرام قىلىشتى. مەن بارىدىغان ئائىلەم، كىرىدىغان ئۆيۈم يوق، نېپىز كۆڭلەك بىلەن بىر بىنانىڭ پېشايۋىنى ئاستىدا تۈگۈلۈپ يېتىپ قىشنىڭ سوغۇق شامىلىدىن ئۆزۈمنى پاناھلىدىم. يېڭى يىلنى تەبرىكلەپ ئېتىلغان پوجاڭزىلار مېنىڭ ئەتراپىمدا ياڭراپ تۇراتتى، مەندە بولسا قىلچە سەزگۇ يوق ئىدى. يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى مەن يەككە-يېگانە ھالدا جەنۇبىي دېڭىز قولتۇقىدا ئولتۇردۇم........ مېنىڭ فرانسىيىدە ئوقۇۋاتقان ساۋاقدىشىم SINE نىڭ ئاتا-ئانىسى قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىمنى بىلىپ، ماڭا ھەقسىز بىر تۇرالغۇنى ۋاقىتلىق تېپىپ بەردى. بۇنى ئويلىسام، ھازىرغىچە قەلبىمدە بىر خىل يىللىق ھاجايان ئېقىمى ئېقىۋاتقانلىقىنى سېزىمەن.

ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان بىر ئايال، تەقدىرگە ئەمەس، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغىلا ئىشىنىدىغان بىر ئادەم گويا بىر تالاي چىگىش چاتقاللىقلار ياكى تەتۈر ئېقىملار بىلەن يەشكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئاداۋەتلىشىپ قالىدىكەن. مەن دوختۇرلۇق قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، دوختۇرلۇق قىلىشقا باشلىغان، كېسەل كۆرسىتىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيگەن چاغدا، قورقىتىدىغان تېلېفونلار ئۈزلۈكسىز كېلىپ تۇردى: «سەن ئېشىمىزغا چاڭ سالامسەن تېخى، ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول!» دېيىشەتتى ئۇلار. ئىككى قېتىم بىكاردىن بىكار ماشىنىغا «سوقۇلۇپ» بەل ۋە پۇتۇم يارىلانغانمۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مېنى «ياخشى كۆرۈپ قالغان» جۇڭگولۇقلارمۇ، چەت ئەللىكلەرمۇ توختاۋسىز چىقىپ تۇردى. ئۇلار شېرىن-شېكەر سۆزلەر، پۇل-ماللار بىلەن ھەر خىل «ئىپادە» بىلدۈرۈپ تۇرۇشتى. گەدىنىم قاتتىق بولغانلىقتىن، كىشىلىك غۇرۇر ۋە «پاكىز» لىكنى دەپ، ئۇلارنى بىردەك رەت قىلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تەھدىتكە، قاتتىق تاياققىمۇ ئۇچرىدىم. كېيىن، بەختكە يارىشا، يەرلىك ئامانلىق ساقلاش تارماقلىرىدىكى دوستلىرىم مېنى خۇپىيانە قوغداپ تۇردى. ياشاش ئۈچۈن، ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلىدىم، زورلاۋان، ئۆكتەم كۈچلەر پاراكەندە قىلىپ تۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى تىن ئالالمايدىغان قىلىپ قويدى، يۈرەكلىرىم پارە-پارە بولۇپ كەتتى. ئەمما، يولنى ئۆزۈم تاللىغان ئىكەنمەن، قەتئىي توختاپ قالماسلىقىم، مەردانىلىق بىلەن ئالغا قاراپ مېڭىشىم كېرەك ئىدى.

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، ئۆسۈپ چوڭ بولغاندا كيۇرى خانىمدەك ياشاپ، كيۇرى خانىمدەك كۈرەش قىلىمەن، دەيدىغان بىرلا خىيالىم بار ئىدى ...... ئەمەلىيەتتە، بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولۇمنى ئەسلىسەم ئۇلۇغ-كىچىك تىنىمەن، چەكسىز ھاياجانلىنىمەن. نۇرغۇن يىل جاپا-مۇشەققەت تارتىپ، ناھايىتى زور ئازابلىق بەدەل تۆلەپ مۇستەقىل، ئەركىن ياشاشقا ئېرىشتىم، قەلبىمدىكى بىر مۇنچە خىياللار ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. «مۇۋەپپەقىيەت» ھېسسىياتى بارلىققا كەلدى. بىراق، ھېچقاچان خۇشال ئۆتۈپ باقمىدىم، ھېچقاچان مۇۋەپپەقىيەتتىن ھوزۇر ئالالمىدىم. دىلىم ھەمىشىلا «چارچاش» ئىچىدە تۇرۇپ كەلدى. «مۇۋەپپەقىيەت» تە توختاش چېكىرىسى بولمايدۇ، قاتلاممۇقاتلام ئۆتۈپ تۇرىدىغانلا گەپ ئىكەن، ۋاقىتلار ئېقىندەك ئۆتۈپ تۇرىدىكەن، ھايات يولىدا مەن ئاللىقاچان نام-مەنپەئەتكە ئېتىبارسىز قارايدىغان بولۇپ قاپتىمەن. بۇنىڭدىن تەلەپ قىلماسلىقنىڭ ئەڭ ئازادە ئىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندىم.

بەزى چاغدا مەن: ئەگەر ئادەم قايتا تۆرىلىدىغان ئىش بولسا، ئاشۇنداق قايتا تۆرەلگەن مەن يەنىلا ئايال بولىدىغان بولسام، كىتابنى ئاز ئوقۇيمەن، شۇنىڭدا ئىدىيەم ئاددىيراق بولۇپ، ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ

ئەركىن بولىمەن دەپ يۈرمەسمەن، «مۇكەممەللىك» نى قوغلاشماسمەن، ئاللىقانداق «قابىل» لىق كويىدا بولماسمەن. ساداقەتلىك، ئىشچان، ئىشىنىشكە بولىدىغان، مېنى ئاسرايدىغان بىر ئەرگە تېگىپ، بىر ھاميغا ئېرىشسەم، مېنى ھەممىدىن قوغدايدۇ........

دەپ ئويلاپ كېتىمەن. بەزى دوستلىرىم زاڭلىق قىلىپ: «بۇ 40 ـ يىللاردىكى ئايالларنىڭ ئىدىيىسىغۇ» دېيىشىدۇ، نەچچىنچى يىللارنىڭ ئىدىيىسى بولسا بولمامدۇ، ئىشقىلىپ، مەن يەتكىچە ھاردىم، ھازىرغىچە ھاردىم.

ئادەم ھامان جەمئىيەتكە تەئەللۇق. مەن خام خىياللار ئىچىدە ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ ياشىيالمايمەن. مەنمۇ جەمئىيەتكە سىڭىپ، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىشىم كېرەك. كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىدە دوختۇرلارمۇ، تىجارەتچىلەرمۇ، ساپ ـ خاس دوستلىرىممۇ بار. چەكسىز ئاۋات بۇ سودا ـ سېتىق جەمئىيىتىدە ھەممە نەرسىگە «تاۋار» ماركىسى چاپلانغان بولسىمۇ، مەن دوستلۇققا تاۋار ماركىسى چاپلىنىپ قېلىشتىن كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە ساقلىنىمەن، دوستلۇقتا ئۆزئارا پايدىلىنىۋېلىش قىممىتى بولماسلىقى كېرەك. مەن دوستلىرىمغا ساداقەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن، بېسىمنىڭ قىسىلچاقلىرىدىن تىنىق ئالغۇدەك بوشلۇق تېپىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمما، جەمئىيەت ھامان مۇرەككەپ بولىدىكەن، ئادەممۇ مۇرەككەپ بولىدىكەن، بۇنى ياخشى ـ يامان ئايرىلىشىپ كەتكەن، دېيىشكىمۇ بولار. مەندە ياخشى دوستلار تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگەن ئاچچىق تەم بار. «كۆڭلۈمدىكى يېقىنىم» ماڭا سادادەتسىزلىك قىلغان، پايدىلىنىۋېلىشنىلا كۆزلىگەنلىكىنى سەزگەن يېرىممۇ بار. بۇلار ئۈستىدە نۇرغۇن ئويلاندىم، مەن نەدە خاتا قىلدىم؟ سودا جەمئىيىتىدىكى كىشىلىك تۇرمۇشتا «كۆڭۈلدىكى» ئادەمدىن نەچچىسى تېپىلار؟ شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، كۆڭۈلدىكىدىن تەلەپ قىلىش تەس، ھەقىقىي دوستلۇقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى ساقلاش قىيىن. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ھېسسىيات بولىدۇ، پىداكارلىقمۇ بولىدۇ. مېھرى ـ شەپقەت بولىدۇ، ئۆچلۈك ـ نەپرەتمۇ بولىدۇ. مەن باشقىلارنى ئىمكان بار كەچۈرىمەن، ئەپۇ قىلىمەن. مەزكۇر توپلامنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى «سېغىنىش يېشى» دىكى ھەر بىر شېئىردا مۇھەببەت ۋە نەپرەت گىرەلەشكەن، مۇھەببەت سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق ھەقىقىي رېئال ئىشلار ئىپادىلەنگەن. شۇنداقلا دوستلۇق يېزىلغانلىرىمۇ بار. شېئىر ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ، پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ـ دە!

مەن يەككە ـ يېگانە، تايانچ ـ يۆلەنچۈكسىز نۇرغۇن، ئۇزاق يىل ياشىدىم. كىشىلەر مېنى «ئاياللار ئىچىدىكى قابىل ئادەم» دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭمۇ ئاجىز ۋاقىتلىرىم بولغان، پەقەت ئاجىز بولۇشقا ۋاقتىم يېتىشمىگەن، يۈرىكىمدىكى تارتقان ئۇۋالچىلىق ۋە بېسىم كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى سەزگىنىمدە، يېنىمدا ئىچ ـ قارنىمنى يېرىپ كۆرسەتكۈدەك ئاڭلىغۇچىم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈممۇ چارىسىز قالغان پەيتلىرىمدە، ئۇۋالچىلىق ۋە بېسىمدىن پەيدا بولغان نالە ـ پەريادىمنى چىقىرىۋېتىش ۋە شۇنىڭ بىلەن روھىي جەھەتتىن خاراپ بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشىكنى تاقىۋېلىپ قانغۇدەك يىغلىغان، شۇ ئارقىلىق مەلۇم دەرىجىدە يېنىكلەپ قالغاندەك بولغان ۋاقىتلىرىم بولغانىدى.

گۇلدۇرمامىلىق يامغۇر ياغقان كېچىلەردە، ئايدىڭ كېچىلەردە ياكى ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىدە قەلبىمدە تولىمۇ يالغۇزلۇق، پەرىشانلىق سېزەتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئالدىراش ئىشلىرىمنى تاشلاپ، پىكىرىمنى ئەركىن قويۇپ بېرىپ، دوستلىرىم توغرىسىدا ۋە مەن ئەزەلدىن بېرىپ باقمىغان يۇرتۇم ھەققىدە خىيال سۈرەتتىم. بۇ توپلامدىكى كۆڭۈلنى ئېزىدىغان بەزى مۇڭلۇق شېئىرلار دەل ئاشۇنداق ئەھۋالدا يېزىلغان. بەزىلەر: ئازاب ئىچىدە يېزىلغان شېئىر ھەممىدىن تەسىرلىك چىقىدۇ دېيىشىدىكەن، بۇ گەپنىڭ ئورنى بار.

ئون نەچچە يىلدىن بۇيان شېئىرلىرىم گېزىتلەردە ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇردى. ياپونىيە، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن، ئامېرىكا ۋە بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىكى دوستلىرىم بۇ مەشقلىرىمنى كۆرۈپ «ياخشى ئىكەن»، «تەسىرلىك ئىكەن» دەپ مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇردى. ئەگەر ياخشى دېيىلسە، ئۇ شېئىردىكى ھېسسىياتنىڭ چىنلىقىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ئادەم ۋە ئىشلار بولۇپ، ئۇلار دەۋردىن ئايرىلىپ تۇرمايدۇ. بۇنداق ئىكەن، ئورتاق ھېسسىيات پەيدا قىلىشى تەبىئىي.

# دەرد

يەر يۈزىدىكى جۈگگولۇقلار ئات يىلىنى تەبرىكلەشتى. كىشىلەر ھېيتلىشىپ، بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇشۇپ تۇغقانلىرىنى ئەسلەشتى. چەت ئەلدە يۈرگەن مەن مۇساپىر دەردلىك ھېسسىياتىم بىلەن ۋەتىنىمگە تەلپۈندۈم.

مەن يالغۇز تۇرنا،
جەنۇبقا ئۇچقان.
قىزىل قەلبىدە،
مۇساپىرلىق ھەسرىتى تاشقان.

ھېسسىياتىم
دەرد ۋە ئەلەمدە،
ئۇ شۇنچە سىرلىق.
بۇ دەرد ـ ئەلەمنىڭ
نېمە ئۈچۈنلۈكى،
بىلىنمەيدۇ تۇرغاچ يېپىقلىق.
مەن بىرى ـ بىرى ئىشلار ئۈچۈن
تۆكمەس ئىدىم ياش.
ۋەتەن ئۈچۈن چېكىشكە دەردنى،
تارتمايمەن ھېچ ياش.
ۋەتىنىمنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن،
خۇشال بولۇپ كېتىمەن يىغلاپ.
ئۈگۈشسىزلىق كەلسە ئۇنىڭغا،
مەنمۇ چېكىپ ھەسرەتلىك ئازاب ـ
ياش تۆكىمەن مەگزىمنى يۇيۇپ،
ئەلەملىرىم كېتەر، دەپ ئازلاپ.
سۆيىمەن دەردنى،
ئەسلەيمەن دەردنى
سۆيۈش، ئەسلەش بولسىمۇ ئازاب
بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ سىرىنى.
بىزارمەن دەردتىن،
قاچىمەن دەردتىن،
لېكىن، ھامان قىلالمىدىم ھېچ
ئۈزۈمدىن نېرى ـ يىراقراق ئۇنى.

سۆيۈش، ئەسلەش، بىزارلىقلار،
بىللىلىشىپ ياقىدۇ ئوتنى.
مەن شۇ ئوتنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ،
ئۆنتۇيالماي ئۆتىمەن ئۇنى.
دەردلىك ھېسلار ھەمراھدۇر ماڭا،
نەگە بارسام كۆيدۈرۈپ مېنى.

توقسىنىنچى يىللار، قولاق سال:
«ئاتە تۇيىقى تېپچەكلەر بىردەك.
قارا ئەنە
تۇرنىلارنىڭ ئەزىز يۇرتىدا،
شاپتۇل شىخى ئاچماقتا چېچەك.
يۇرتداشلىرىم كۈتمەكتە باھار،
مىڭلاپ تۇلپار چاپقاندا ئوقتەك.
1990 ـ يىل 11 ـ فېۋرال

# سورايمەن، يادىڭدىمۇ بېيجىڭ شەھىرى

بېيجىڭدا تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغان تۇنجى ئۇيغۇر يۇرتدىشىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورىنى ئەسلەپ:

يۇرتدىشىم، سەن سورايسەن:
يادىڭدىمۇ بېيجىڭ شەھىرى.
يادىمدا.
تۇغۇلسۇن بېيجىڭدا قانداقلارچە ئىش،
ئۇمۇ مەندەك بىر مۇساپىرنىڭ
قەدىمىي يۇرتى.
ئۇ ۋەتەننىڭ يۈرىكى،
جېنى، پايتەختى.

يۇرتدىشىم، سەن سورايسەن:
يادىڭدىمۇ چىققىنىمىز شياڭشەنگە
ئۆكتەبىردە بېيجىڭدا؟
يادىمدا.
تولۇپ تاشقان ئىلھاملار،
ئاشۇ چاغدا شياڭشەندە.
قول تۇتۇشۇپ چىقىپ بىز،
كۆرگەن ئىدۇق قۇياشنىڭ
نۇرلىرىنى سەھەردە.

تېخى شۇنداق يادىمدا،
كەچكى شەپەق نۇرىدىن
مەست بولغانتۇق تېلىقىپ.
تېخىچىلا يادىمدا،
يۈرگىنىمىز تاغ كېزىپ.
ئورمانلاردا يۈرگەندە،
كەتكەن ئىدى ئېرەننىڭ
ياپراقلىرى قىزىرىپ.

يەنە شۇنداق يادىمدا،
ئايرىلالماي تۇرغان بىز
ئۇنچە ـ ئۇنچە ياش تۆكۈپ.
سەن دېگەنتىڭ كۆزۈمنى چوڭ ـ چوڭ،
ياش ئۇنچىسى دانە ۋە دانە،
توم يىپ بولسا تىزىق قىلغىلى
بولار ئىدى ئۇنى ئۆتكۈزۈپ.
پەخەس بولۇپ ئاۋايلاپقىنا
ئۆيگە ئېلىپ كەتكىلى بولار،
شۇ تىزىقنى كۆڭۈلگە يۆكۈپ.
ئۇزۇن، ئۇزاق ئەسلىمىلىرىم،
قوزغار ئۇزاق ھېسسىياتىمنى.
بۇ ھاياتتا يەنە بىر قېتىم،
كۆرەرمىزمۇ بىللە بېيجىڭنى.
يېگۇاشتىن سۆزلەشسەك ئىدۇق،
بەلكىم يۇيۇپ كېتەردى شۇ چاغ
ئايرىلىشنىڭ چەككەن دېغىنى.
1990 ـ يىل 20 ـ فېۋرال

# تۇنۇگۈن

تۇنۇگۈن تۇرغان ئىدىم،
ئاشۇ گۈزەل
دېڭىز بويىدىكى بىر ئەلىدە.
ئاڭلايتتىم يۈرەك رېتىملىرىڭنى،
جىمجىتقىنا سۈكۈت ئىچىدە.
خۇشال بولۇپ ھوزۇرلىناتتىم،
لەززەت سېزىپ ھەر بىر سۆزۈڭدە.
ھېسسىياتىڭ مەست ئىدى دائىم؛
بىلەر ئىدىم كۆرۈپ كۆزۈڭدە.

تۇمانلارنىڭ ئېرىسى گۈلزار،
بىلىنەتتى بۇ
ئايىڭدا گۈزەل كۆرگەندىنمۇ ئۆز،
ۋە يەنە ئۇ شۇنچە بېقىملىق.

ئۇيغۇرلار بەك ھېرىس كېلىدۇ،
«مۇھەببەتتە قالسا ئارىلىق».
كىشى روھى ئىنتىلەر ھامان،
ھەم تۇمانغا، ھەم گۈلگە ئوخشاش —
بىر مەنزىرە تۇرغاندا يىللىق.
شۇنچە قەدىرلىك ماڭا تۇنۇگۈن،
ئۇتۇرسا دېمەن ئۆزۈنراق، ئۆزۈن.
لېكىن، ۋاقىتلار ئۆزارتماس ئۇنى،
بىزدىكى خۇشلۇق سېزىملەر ئۈچۈن.
ئۇ ئۆتۈپ كېتەر ئۇچقاندەك تېز لا،
دىلدا قالىدۇ پەقەت «تۇنۇگۈن»
ئۇ بىر ئەسلىمە
ئورنىغان يۈرەككە چىقماس بوپ پۈتۈن.

1990 - يىل 10 - ئۆكتەبىر

# يىغلىغان ئاي، بېگانە سايە، بىر پارچە بۇلۇت

بۇ كېچە،
قارا بۇلۇتلار چۈمكىگەن
كۆزدىكى ئاينى يېرىم.
ئاي نۇرى بىردەم ئۇچۇق، بىردەم تۇتۇق،
بەزى ئەگرى، بەزىدە تۈز - بېجىرىم.

ھەر يىلى شۇ پەسلىدە، شۇ ئاي، كۈنى،
تىكىلىمەن كۆككە - ئاسمان يۈزىگە.
باسىدۇ قەلبىمنى ھەسرەت، دەرد - ئەلەم،
ئېھتىمال ئاي
سۇمۇرۇپ ئالغانمىكىن ياشىمنى كۆپىلەپ
مەڭزىگە.
بۇ يىلى، مۇشۇ پەسلىدە ئۇ يەنە
ئورۇنۇپ ئاپتۇ بۇلۇت پەرەنجىگە
نومۇس - ئىزانىڭ ئىزلىرى.

يېپىلىپتۇ يېرىم ئۇچۇق ھۆسنىگە.
يىغلىغان ئايلار كېتىپ قالدى نېكەم،
ئەمدى مەندە
قالمىدى كۆز ياش تۇگۈل ھەتتاكى نەم.
مۇشۇ تاپ خىرە - شىرە ئاينىڭ نۇرى.
يورىتىدۇ مېنىمۇ، يارىمنىمۇ.
يوروتار يىراقتىكى يۇرتۇمنىمۇ.

قارىسام ئايغا كۆرەلمەيمەن پەقەت،
ئۇ يورۇتقان يارمۇ يوق، يۇرتۇممۇ يوق.
ماڭا ھەمراھ بېگانە سايەملا بار،
ئايغا ھەمراھ بېنىدا:
ئاشۇ بىر پارچە بۇلۇت.

1990 - يىل 21 - ئۆكتەبىر

# كۆز شامىلى، سوغۇق ئاي

كېلىدۇ ھەر يىلى مۇشۇنداق كۆز كۈنى،
كۆزدىكى ئايمۇ سوغۇق ئاۋۇالقىدەك.
بەزى تولغان، بەزىدە ئورغاقسىمان،
تارتىدۇ مەيلىمنى شۇ يۇرتۇمغا بەك.
بۇ ۋۇجۇدۇمغا يايار كەڭرى ئېتەك.

كېلىدۇ ھەر يىلى مۇشۇنداق كۆز كۈنى،

كۆزدىكى ئايمۇ سوغۇق ئاۋۇالقىدەك.
يورۇتار ئۇ مەجنۇنتاللار يۈركىگەن -
مويىلىلارنى خۇددى كۈندۈز كۈنىدەك.
غۇر - غۇر ئۇچقان كۆز شامىلى تەپتىدە،
تەڭرىتاغ قار لەيلىسى ئاچار چېچەك.

1990 - يىل 5 - نويابىر

64




يىغىن مەيدانى

بۆلتۈر 17 - دېكابىردىن 19 - دېكابىرغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك خىزمىتى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ۋە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا مۇدىر ھامىدىن نىياز رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتىدىكى تەجرىبىلىرى ۋە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتى ۋە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى.



يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئەستايىدىل پىكىر قىلماقتا



يىغىندا تەجرىبىلەر تونۇشتۇرۇلدى

## سۈرەتلىك خەۋەرلەر



خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتىكى ياخشى خەۋەرلەرنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرگە مۇكاپات تارقىتىلماقتا

بۆلتۈر 19 - دېكابىر، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىرلىكتە خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنى چاقىردى، يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ «سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»ى يەتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باۋۇدۇن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى



بۆلتۈر 16 - نويابىردىن 10 - دېكابىرغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇلايمان ۋە قىسمەن كومىتېت ئەزالىرى ئىچكىرىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. (ئەسقەر فوتوسى)



ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى 6- قېتىملىق قانۇن بىلىملىرى لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇردى.

# ئاپتونوم رايونلۇق تۇز ئىشلىرى ئىدارىسى (تۇزچىلىق شىركىتى)



ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئىدارە رەھبەرلىك بەنزىسى



قوبۇقسار ناھىيىسىدىكى ئەلا سۈپەتلىك تەبىئىي تۇز

مەزكۇر ئىدارە (شىركەت) 1993 - يىلى قۇرۇلغان. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇزچىلىقى بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى مەھسۇلات سۈپىتى ئەۋزەللىكىگىمۇ ئىگە بولۇپ، ئىلگىرى تۇز مەھسۇلاتىدىن 1 مىليون 500 مىڭ توننا سىرتقا يۆتكەشتەك رېكورت يارىتىلغانىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇز ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىدىن 21 ى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئاشتۇزى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىدىن 12 سى)، توپ تۇز سېتىش كارخانىسىدىن 75 ى، ئىشچى - خىزمەتچىسىدىن 5727 كىشى بولۇپ، مال - مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى 422 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تۇزچىلىق ئىدارىسى (تۇزچىلىق شىركىتى) سىز ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىدۇ.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلاملىق يولى 8 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830002

تېلېفون: 2825970 2825922






تۇزچىلىق شىركىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى كوچىغا چىقىپ يودلۇق تۇز ھەققىدىكى بىلىملەرنى تەشۋىق قىلماقتا.

بەت لايىھىلىگۈچى: ۋاڭ شىنپىڭ فوتوگراف: بېي فېڭ


مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۈتاش نومۇرى CN65 - 1033/D-W باھاسى 2.90 يۈەن

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433